شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلىدى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2001·11




بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 2 - شى 31 - تۇەننىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى



مۇدىر ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭغا تەيىننامە بەردى.

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 ـ يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 24 ـ يىغىنى 28 ـ سېنتەبىر ئاياغلاشتى. مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشيول قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى»، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك مالىيە نەقچوتىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى، ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك خام چوتنى تەڭشەشنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام ۋاقتى توغرىسىدىكى قارار، ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام ۋاقتى توغرىسىدىكى قارار، ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا 4 ـ بەش يىللىق قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى قارار، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، قارار قىلىش بەلگىلىمىسى» نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارى، «ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى پۇقرالارنىڭ خالىس قان تەقدىم قىلىش نىزامى» نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى. يىغىندا يەنە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن جياڭ گۇرۇپپا يىغىنىدا «تاشيول قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسىدىكى قانۇنغا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا كومىتېت ئەزالىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.



كومىتېت ئەزالىرى ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك مالىيە نەقچوتىنى ئەستايىدىل قاراپ چىقتى.



ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى چېن زېيۇ ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك مالىيە نەقچوتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك خام چوتنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى خام چوت باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى گۇرۇپپا يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ 2001 ـ يىللىق شۆ دەرىجىلىك خام چوتنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا كومىتېت ئەزالىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

# پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىش كېرەك

پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش—پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇش، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ۋە مۇھىم مەزمۇنى.

بىز چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇشەققەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، ھەم ئۇزاققىچە كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز، ھەم ئۈۋەتتىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئەڭ زور ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرىنى ئەڭ كىچىك دائىرىدە چەكلىشىمىز لازىم.

پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان بىر يۈرۈش نازارەت قىلىش تۈزۈمى ۋە مېخانىزمى ئورنىتىپ ئىزدىنىش ۋە ئۇنى قورۇپ چىقىش، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەسىلىسىدە بىگى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتۇق. ھازىرقى ئەڭ چوڭ مەسىلە—ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمى ھاسىل قىلىنمىدى. قانچىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر، قانچىكى «1 - قول باشلىق» بولسا ئۇلارنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش شۇنچە قىيىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان قىيىن نۇقتا مەسىلىسى بولۇپ قالدى. ھازىر ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىنىزامچان بولۇش ئېڭى ئاجىز بولۇپ، نازارەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ؛ بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئىشلىتىشكە ئېتىبار بېرىپ، باشقۇرۇشقا سەل قاراپ، نازارەت قىلىشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. تەڭ دەرىجىلىك بەنزىنىڭ ئىزالىرى ئۆز ئارا يۈز - خاتىرە قىلىشىپ، نازارەت قىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ؛ تۆۋەن دەرىجىلىكلەرى زەربىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، نازارەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بەزىبىر نازارەت قىلىش تۈزۈملىرى مۇكەممەل ئەمەس، نازارەت قىلىشقا پايسىز ۋە باشقىلار. بۇ مەسىلىلەرگە ئاساسەن ماھىيەت بىلەن شەكىلنى تەڭ تۈزەش، ئۈنۈۋېرسال تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ماھىيەتنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرىنى مەنبەسىدىن تۈزەش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئورلۇك مۇھىم سىياسەتلەر ۋە كۈندىلىك خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، سۆز كەلمەستە توغان سېلىپ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن دائىملىق باشقۇرۇشنى ئايرىۋەتمەستىن، بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، چىرىكلىشىپ ئاينىپ كېتىشتىن ساقلىنىش توسمىسىنى ئىدىيە جەھەتتىن مۇستەھكەملەش لازىم. بۇ چىرىكلىكنى مەنبەسىدىن ئالدىنى ئېلىش ۋە چىرىكلىكنى تۈزەشتە ئۈللۈق رول ئوينايدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ غايە - ئېتىقاد تەربىيىسى ۋە پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، ئۇلاردا توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، ھوقۇق قارىشى، مەنپەئەت قارىشى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى خەلقنىڭ بەرگەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە چىڭ تۇتىدىغان قىلىش، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ھەرتىۋىسىنىڭ ھەر قانچە يۇقىرى، ھوقۇقىنىڭ ھەر قانچە چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا خەلقنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئۇزاق مەزگىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بازار ئىگىلىكىنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىش لازىم. ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش بىلەن قاتتىق باشقۇرۇشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

ئىسلاھات ئارقىلىق چىرىكلىك ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى پەيدىنپەي يوقىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىپ چىرىكلىك ئەھۋاللىرىنى توسۇش—پارتىيىمىزنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم تەجرىبىسى. چىرىكلىك ئەھۋاللىرى ئاسان يۈز بېرىدىغان ئاجىز ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىش - چىرىكلىك ئەھۋاللىرىنى مەنبەسىدىن چەكلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، راھەت - پاراغەتكە، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىشكە قارشى تۇرۇش لازىم. بۇ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. پارتىيىمىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى كىچىك ئىش ئەمەس. ھازىر بىر قىسىم كادىرلار ئىدىيە، روھىي جەھەتتە خۇنۇكلىشىپ، راھەت - پاراغەتكە بېرىلمەكتە. بەزىلىرى ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ، كۆزنىيى قورساق تويغۇزۇش بىلەن بولماقتا. بەزىلىرى قېيۇدال - خۇراپاتلىق ھەرىكەتلەردىن روھىي مەدەت ئىزدىمەكتە، بەزىلىرى پۇل، سەتەڭلەرنىڭ ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلەشمەكتە، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش پاتقىقىغا پاتماقتا. كۆپلىگەن پاكىتلار بەزى كادىرلارنىڭ ئاينىپ ئۆزگىرىشىنىڭ ئاۋۋال تۇرمۇش ئىستىلى جەھەتتە يوچۇق ئېچىلغانلىقتىن بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش—ھازىر تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەز پارتىيىدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىدا چىڭ تۇرۇشىنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ كەلدى. پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى ۋە ئۇستىگە ئالغان تارىخىي ۋەزىپىسى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش سىياسىي خىسلىتىمىزدە چىڭ تۇرۇشىمىزنى بەلگىلىگەن. بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈك.

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قەتئىي توغرا سىياسىي يۆنىلىش، جاپاغا چىداپ ئاددىي - ساددا بولۇش خىزمەت ئىستىلى ۋە تۇرمۇش ئىستىلىنى ساقلاپ، ھوقۇق، پۇل، سەتەڭلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە كەيپ - ساپالارنىڭ چىرىتىش تەسىرىنى قىلچىمۇ يۇقتۇرماي، پۈتۈنلەي توغرا پەزىلەت ساقلىشى لازىم.

(«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2001 - يىل 22 - ئۆكتەبىر سانىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

( ئايلىق ژۇرنال ) ( 月刊)

( ئومۇمىي 224 ـ سان )

2001 ـ يىل 11 ـ سان ( 21 ـ يىل نەشرى )

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

« شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇھەررىرلەر: تاھىر ماموت، نۇرگۈل كېرەم

## ھەر ساندا بىر نىزام

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى » نى يولغا قويۇش چارىسى ........ ( 4 )

## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر

مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن، نىزاملارنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى رولى توغرىسىدا ........ قەمەرجان قابىل ( 9 )

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا ........ ئابدۇكېرىم يۈسۈپ ( 12 )

## قانۇن تەتقىقاتى

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ياخشى ئىشلەش زۆرۈر بولغان بىر قانچە خىزمەت ........ ماچاڭيى ( 15 )

جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى جىنايى جاۋابكارلىق يېشى توغرىسىدا ........ ئابدۇجېلىل سەلەي ( 17 )

« شەھۋانىي پارىخورلۇق جىنايىتى » جىنايى ئىشلار قانۇنىغا قاچان كىرگۈزۈلىدۇ؟ ........ دەي يۈەنجى ( 20 )

## خىزمەت تەتقىقاتى

« قاراپ چىقىش » ئاتالغۇسىنى كىم، قايسى ئورۇن ئىشلەتسە بولمايدۇ؟ ........ ئوبۇل مۇھەممەت ( 21 )

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش ........ چېڭ شياڭچىڭ ( 26 )

نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتە تۆت ھالقىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك ........ جاڭ گوچاڭ ( 31 )

قانۇن بويىچە ئىش قىلىش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ يادروسى ........ ئابدۇقادىر كېرەم ( 33 )

## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى «زالىڭ مال» لارمۇ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك ... ... باھارگۈل زاھىر ( 36 )

## خەۋەرلەر

يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە مەدەنىيەت بازارلىرىغا بولغان نازارەتچىلىك كۈچەيتىلىپ، نورمال بازار ئىقتىسادىي تەرتىپى بارلىققا كەلدى قاتارلىق 13 پارچە خەۋەر ........................ ( 38 )

يولداش ھەسەن قامەتباي ۋاپات بولدى ........................ ......... ........................ ( 44 )

## ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەربىيىسى

ئوقۇتقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىش كۈچى بولۇشى كېرەك........................ سادىق نىياز ( 45 )

ئەمگەك تېخنىكا دەرسىنىڭ ساپا مائارىپىدىكى رولى........................ رابىيە ئېلى ( 48 )

## باشلامچىلار

شىجائەتلىك ئايال شۈجى............ ........................ ئەركىن پالتى ( 50 )

## دېلودىن مىسال

خىيانەت قىلىپ ئوغلىنى زەھەر بىلەن تەسلىمگەن ئانا........................ سۇڭ جيەن، چاڭ ۋېيدۇڭ ( 52 )

## دۇنياغا نەزەر

ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ زۇڭتۇڭنى نازارەت قىلىشى...... ........................ جويۈ، ياڭ چېن ( 56 )

## مۇلاھىزە

كەسپ ئەخلاقى ۋە ئۇنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈش دائىرىسى توغرىسىدا ........................................ياقۇپ ساماق ( 60 )

## بىلىۋېلىڭ

سالامەتلىككە پايدىلىق بەش خىل يېمەكلىك قاتارلىقلار ........................ ( 61 )

## كىچىك لۇغەت

قانۇن، نىزاملاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى ( II ) ... ( 64 )



بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ، جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مۇقاۋىسى شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش - قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65- 1033/ D- W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 - 58 پوچتا نومۇرى: 830000

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 - قورۇ

تېلېفون: 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى » نى يولغا قويۇش چارىسى

2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى

1 ـ ماددا بۇ چارە « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى » ( تۆۋەندە « ئورمان قانۇنى » دېيىلىدۇ ) ، « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى » ( تۆۋەندە « ئورمان قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى » دېيىلىدۇ ) ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

2 ـ ماددا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە ئورمان، دەل ـ دەرەخ يېتىشتۈرۈش، تىكىش، كېسىش ـ پايدىلىنىش ۋە ئورمان ، دەل ـ دەرەخ ، ئورمان يېرىنى باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىدە بۇ چارىگە رىئايە قىلىش شەرت.

3 ـ ماددا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى ئورمان تاغ ئورمىنى ، تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنى ۋە تۈزلەڭلىك سۈنئىي ئورمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئورمان يېرى باراقسانلىق دەرىجىسى 0.2 دىن يۇقىرى بولغان غوللۇق دەرەخلىق ، چاتقاللىق ، شالاڭ ئورمانلىق، ئورمىنى كېسىلگەن يەر، ئورمىنى كۆيۈپ كەتكەن يەر، يېتىلمىگەن ئورمانلىق، كۆچەتزارلىق، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن ئورمان يېتىشتۈرۈش شارائىتى بار تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنىدىكى بوش يەر، تاغ ئورمىنىدىكى 20 گېكتار ئىچىدىكى بوش يەر، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى پىلانلىغان ئورمانغا باپ باشقا يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ئېھتىياجى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن ھەمدە ھەر يىللىق ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ئەھۋالىغا قاراپ، ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى مۇناسىپ كۆپەيتىپ، ئورمانچىلىق پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئورمانچىلىق پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئورمانلارنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئورمان بايلىقىنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

5 ـ ماددا ئاپتونوم رايون ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئورمان بايلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورمان بايلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە يىللىق ۋە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى مەسئۇلىيەت نىشانىنى تۈزۈپ، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇشى كېرەك . بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلىيەت نىشانىنى ئورۇنداش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشى ھەمدە مەسئۇلىيەت نىشانىنى ئورۇنداش ئەھۋالىغا قاراپ مۇكاپاتلىشى ۋە جازالىشى كېرەك.

ئورمان بايلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسئۇلىيەت نىشانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشتا، شۇ مەمۇرىي رايوندىكى ئورماننىڭ قاپلاش نىسبىتىنىڭ يىلدىن يىلغا ئېشىشىغا ، ئورمان كۆلىمىنى ئازايتماسلىققا ، ئورمانلىقتىكى كۆكلەۋاتقان دەل ـ دەرەخ زاپىسىنىڭ يىلمۇ يىل كۆپىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرت.

ئاپتونوم رايون، ئوبلاست ( ۋىلايەت، شەھەر ) قارىمىقىدىكى دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئورمان يېڭىلاش، دائىرىلەپ ئورمان يېتىشتۈرۈش يىرىك پىلانى ۋە پىلانى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمان بىنا قىلىش يىرىك پىلانى ۋە پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

6 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

يېزىلىق ( بازارلىق ) خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز تەۋەسىدىكى رايوننىڭ ئورمانچىلىق خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. يېزىلىق، بازارلىق ئورمانچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، يېزىدىكى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىغا، ئورمانچىلىق ئىجتىمائىي لاشقان مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇشقا دائىر خىز-

مەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

7 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىنىڭ دۆلەت ئورمان رايونىدىكى ئورمان بايلىقى نازارەتچىلىك ئاپپاراتى قانۇننى ئۆز ئالدىغا قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئۆزى تۇرغان ئورمان رايونىدىكى ئورمان بايلىقىنى قوغداش، بەرپا قىلىش، باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى لازىم.

ئاپتونوم رايون، ئوبلاست (ۋىلايەت، شەھەر) قارىمىقىدىكى دۆلەت ئورمانچىلىق كارخانىلىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتىگە ئورمان قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئورمان رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى قەرەللىك دوكلات قىلىپ تۇرۇشى ھەمدە ئورمان يېڭىلاش، داۋىرلەپ ئورمان يېتىلدۈرۈش يىرىك پىلانى، شۇنىڭدەك باشقا ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى شۇ جايدىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەنگە ئالدۇرۇشى، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

8 – ماددا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش – قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (تۆۋەندە بىڭتۇەن دېيىلىدۇ) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئورمانغا دائىر قانۇن، نىزاملار ۋە مۇشۇ چارىگە ئاساسەن، پايدىلىنىش ھوقۇقى بىڭتۇەنگە بېرىلگەن يەر دائىرىسىدىكى ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

9 – ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورمان، دەل – دەرەخ، ئورمان يېرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ياكى پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئېتىراپ قىلىپ، رويخەتكە ئېلىپ، ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى بېرىشى كېرەك.

10 – ماددا ئورمان جامائەت ئورمىنى، تاۋار ئورمىنى دەپ ئايرىپ باشقۇرۇلىدۇ. جامائەت ئورمىنى ئىھاتە ئورمىنى ۋە ئالاھىدە ئورمانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ تاۋار ئورمىنى ماتېرىيال ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان ۋە يېقىلغۇ ئورمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

11 – ماددا جامائەت ئورمىنىدا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سېلىنمىسى ئاساس قىلىنىدۇ، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ ھەمدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، ئورماننىڭ ئېكولوگىيە ئۈنۈمىگە تولۇقلىما بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ئورماننىڭ ئېكولوگىيە ئۈنۈمىگە تولۇقلىما بېرىش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىدۇ.

تاۋار ئورمىنىدا باشقۇرغۇچىلارنىڭ سېلىنمىسى ئاساس قىلىنىدۇ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەبلەغ، تېخنىكا، ئۇچۇر قاتارلىق جەھەتلەردە مەدەت بېرىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

12 – ماددا قاپلىنىش دەرىجىسى 30% كە يەتكەن چاتقاللىقنى ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى باشقۇرىدۇ؛ چاتقالنىڭ قاپلاش دەرىجىسى 30% كە يەتمىگەن يەرلەردىن ئەسلىدە ئورمانچىلىقتا ئىشلىتىلگەنلىرى ئورمانچىلىقتا داۋاملىق ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەسلىدە چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلگەنلىرى چارۋىچىلىقتا داۋاملىق ئىشلىتىلىدۇ.

چاتقالنىڭ قاپلاش دەرىجىسىنى قەتئىي تۇردە دۆلەت بەلگىلىگەن تېخنىكا ئۆلچىمى ۋە دائىرە بويىچە ھېسابلاش كېرەك.

13 – ماددا ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە چارۋا بېقىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئورمان يېرىگە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ئورمان يېرىدە چارۋا بېقىش گۇۋاھنامىسى بېرىدۇ. ئورمان يېڭىلاش ۋە داۋىرلەپ ئورمان يېتىلدۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ چارۋىچىلارنىڭ چارۋا بېقىشىغا رۇخسەت قىلىنغان ئورمان يېرىدە چارۋا بېقىشىنى چەكلىشىگە ياكى چارۋىچىلاردىن ھەق ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئورمان يېرىدە چارۋا بېقىشتا «ئورمان قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئەمەل قىلىش شەرت. ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى يىرىك پىلان بويىچە ئورمان يېڭىلىماقچى بولغاندا، شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورمان يېرىدە چارۋا باقىدىغان چارۋىچىلارغا ئورۇنلۇق تەڭشەپ بېرىشى لازىم.

14 – ماددا ئوتلاق گۇۋاھنامىسى بىلەن ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى تەكرار بېرىلگەنلىكتىن، ئورمان يېرى ھوقۇق تەۋەلىكى بىلەن ئوتلاقتىن پايدىلىنىش جەھەتتە تالاش – تارتىش كۆرۈلسە، شۇ جايدىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمىتى ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكرار گۇۋاھنامە بەرگەنلىكتىن، تالاش – تارتىش كۆرۈلسە، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

15 – ماددا قېزىلما بايلىقلارنى چارلاش، ئېچىش ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇشلاردا ئورمان يېرىنى ئىگىلەش ياكى ئېلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشى كېرەك. ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ياكى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان ئورمان يېرىنى ئىگىلەش ۋە ئېلىپ ئىشلىتىشتە، شۇ ئورمان يېرىنى باشقۇرغۇچى مەسئۇل تارماققا ئىلتىماس قىلىش ھەمدە ئورمان ۋە يەر باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى ئۆتەش لازىم.

16 – ماددا ئورمان يېرىنى تەستىق بىلەن ئىگىلىگەن ياكى ئېلىپ ئىشلەتكەن ئورۇنلار ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق

مەسئۇل تارمىقىغا يېپىنچا ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە تاپشۇرۇش، ئىگىلىۋېلىنغان ئورمان يېرىنىڭ ئىگىسى ياكى ئىشلەتكۈچىسىگە ئورمان يېرى تولۇقلىما ھەققى، دەل - دەرەخ تولۇقلىما ھەققى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى بېرىشى كېرەك.

يېپىنچا ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى ئۆلچىمىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى باھا مەسئۇل تارمىقى بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بېكىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىدۇ. ئورمان يېرى تولۇقلىما ھەققى، دەل - دەرەخ تولۇقلىما ھەققى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشب ياردەم پۇلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ، يەر باشقۇرۇش قانۇنىنى يولغا قويۇش، نى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە بولىدۇ.

ئورمانچىلىققا بىۋاسىتە مۇلازىمىلىق قىلىدىغان قۇرۇلۇشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئورمان باشقۇرغۇچى ئورۇنلار ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان ئورمان يېرى دائىرىسىدە باشقا قۇرۇلۇشلارنى قىلىپ، ئورمان يېرىنى ئورمانچىلىقتىن باشقا قۇرۇلۇشقا ئىشلەتمەكچى بولسا، مۇشۇ چارىنىڭ 15 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تەستىق رەسمىيىتىنى ئۆتۈشى كېرەك.

17 - ماددا توك سىمى، خەۋەرلىشىش سىمى، فونىكولىيور سىمى تارتقاندا ۋە تۇرۇبا ئورناتقاندا يول ياسىغاندا (كېڭەيتىپ ياسىغاندا) دەل - دەرەختىن چەتنىتىش كېرەك. چەتنەتكىلى بولماي، پۈتۈن ئورمان بەلبېغى ياكى دەل - دەرەخنى كېسىۋېتىشكە توغرا كەلسە، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ئاۋۋال ئوبلاستلىق (ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك) ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىپ، دەل - دەرەخنى ئارىلاپ كېسىۋېتىشكە توغرا كەلسە، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىپ، تەستىقلاتقاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە كېسىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ كېسىشى ھەمدە دەل - دەرەخ ئىگىسىگە ئىقتىسادىي تولۇقلىما بېرىشى كېرەك.

ئورمان يېرىنى ۋاقىتلىق ئىگىلەشكە توغرا كەلسە، ئورمان يېرىنى ۋاقىتلىق ئىگىلەيدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر بىلەن ۋاقىتلىق ئىشلىتىش كېلىشىمى ئىمزالىشى ھەمدە ئۇنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە تەستىقلىغان بولۇشى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا يېپىنچا ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى تۆلىشى كېرەك. دەل - دەرەخ كېسىشكە توغرا كەلسە، قانۇن بويىچە كېسىش رەسمىيىتىنى ئۆتكەندىن باشقا، ئىگىلەنگەن ئورمان يېرى ئىگىسىگە ياكى باشقۇرغۇچىسىغا دەل - دەرەخ تولۇقلىما ھەققى بېرىشى كېرەك.

18 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېرىك پىلان تۈزۈپ، تاغ ئورمىنىنى يېڭىلاش يېرى، يۇمران ئورمان يېرى، تەجرىبە ئورمان يېرى، تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمان يېرى ۋە دائىرىلەپ ئورمان بەرپا قىلغىلى بولىدىغان باشقا تاغلىق، قۇملۇقلارنى دائىرىلەپ ئورمان بەرپا قىلىشى، دائىرىلەش رايونى ۋە دائىرىلەش قەرەلىنى بېكىتىشى ھەمدە ئېلان چىقىرىلىشى لازىم.

دائىرىلەش قەرەلىدە مال بېقىش، ئوتۇن كېسىش، دورا كولاش، يۇمران كۆچەتلەرنى ئاسان بۇزىدىغان ماشىنا - سايمانلار بىلەن ئوت - چۆپ ئورۇش ۋە ئورماننىڭ تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىسىز باشقا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش مەنئىي قىلىنىدۇ. دائىرىلەش قەرەلى توشقاندا، دائىرىلەشنى ۋاقتىدا بىكار قىلىش ھەمدە ئېلان چىقىرىش كېرەك.

19 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنىنى قوغداش رايونى قىلىپ ئايرىپ، نۇقتىلىق قوغدىشى، كېسىشنى قاتتىق مەنئىي قىلىشى كېرەك. يېتىلدۈرۈش، يېڭىلاش خاراكتېرىدىكى كېسىش بۇنىڭ سىرتىدا.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋادى يېرىك پىلانى، سۇ بايلىقىنى ئېچىپ ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش يېرىك پىلانى تۈزگەن، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال رايونغا ئايرىغان ۋە سۇ قۇرۇلۇشى قىلغاندا، تۈزلەڭلىك تەبىئىي ئورمىنىغا، سۇنئىي ئورمانغا كېرەكلىك سۇنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئەسلىگە كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

20 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورمان ئوت مۇداپىئە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورمان ئوت مۇداپىئەسىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە، ئورمان ئوت مۇداپىئە تەشكىلاتىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوت مۇداپىئە مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورمان ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش ۋە قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

ئورمان بايلىقى كۆپرەك جايلاشقان يەردىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، ئوت ئەھۋالىنى كۆزىتىش - سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ھەمدە ئوت خەۋپى بار رايونلارنىڭ ئايرىلىشىغا قاراپ، شۇ جاينىڭ ئورمان ئوت مۇداپىئە مەزگىلىنى بېكىتىشى ۋە ئورمان ئوت مۇداپىئەسى بويىچە قاتتىق باشقۇرۇلىدىغان رايوننى ئايرىشى، ئوت خەۋپى دەرىجىسىدىن قەرەللىك مەلۇمات بېرىشى كېرەك.

21 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەسئۇل تارمىقى ئورماندىكى كېسەل ۋە ھاشارەت ئاپىتىنى كۆزىتىش، مەلۇمات بېرىش ۋە ئورمان كارانتىن خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئورماندا كېسەل ۋە ھاشارەت ئاپىتى يامراپ كەتكەندە، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ تۈگىتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئورماندىكى كېسەل ۋە ھاشارەت ئاپىتى يۇقۇم رايونىدا ئورمان كارانتىن پونكىتى قۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلىسە بولىدۇ.

22 - ماددا ئورمان بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ساياـ

ھەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ياكى ئورمان باغچىسى قۇرۇشتا، دۆلەت بەلگىلىگەن شەرتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ھەمدە بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىش كېرەك.

ئورمان ساياھەت تۈرىنى ئېچىش ياكى ئورمان باغچىسى قۇرۇشتا، مۇمكىنلىك تەتقىقات دوكلاتى يېزىپ ۋە ئورمان باغچىسى ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ، ئۇنىڭ مۇھىت تەسىرىنى باھالاپ، مۇھاپىزەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش شەرت، ئورمان بايلىقى ۋە ئورمان مەنزىرىسىنى بۇزۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

23 - ماددا يانتۇلۇقى 25°C تىن ئاشىدىغان يەرگە كۆچەت تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىش كېرەك، ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈش مەنئىي قىلىنىدۇ. ئۆزلەشتۈرۈلگەن، يانتۇلۇقى 25°Cتىن ئاشىدىغان يەرنى شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى تېرىقچىلىقتىن بوشىتىپ، دەل - دەرەخ تىكىش، ئوت - چۆپ تېرىشقا قانۇن بويىچە سۈرۈك بەلگىلەپ بېرىشى كېرەك. بوراندىن يېمىرىلىش، قۇملىشىش، سۇ - تۇپراق ئېقىپ كېتىش ئېغىر بولغان تېرىلغۇ يەر، چارۋا باقىدىغان ئوتلاق شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك پىلانىغا ئاساسەن، پەيدىنپەي تېرىقچىلىقتىن بوشىتىلىپ ئورمان بىنا قىلىشقا، ئوت - چۆپ تېرىشقا ئىشلىتىلىشى ياكى ئۇ يەردە چارۋا باقتۇرماسلىق كېرەك.

تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ ئورمان بىنا قىلغان، ئوت - چۆپ تېرىغان ياكى چارۋا باقتۇرمىغان جايلارغا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە يار - يۆلەك بولۇپ، ئامىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. تېرىلغۇ يەرنى بوشىتىپ، ئېكولوگىيىلىك ئورمان بىنا قىلغانلاردىن يەر ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ ھەمدە ئۇلار دېھقانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلات بېجى، يەر ئىشلىتىش (ھۆددە ئېلىش) مۇددىتى، سۇ، توك ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

24 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئورمان بىنا قىلىپ كۆكەرتىش يەرلىك پىلانىنى تۈزۈپ، تۈزلەڭلىك سۇنئىي ئورمىنى كۆلىمىنى تەدرىجىي ھالدا شۇ جاينىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 30% دىن ئاشۇرۇشى؛ ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى كۆلىمىنى سۇغىرىلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 6% دىن ئاشۇرۇشى؛ يېڭى ئېچىلغان يەردىكى ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى كۆلىمىنى 10% دىن ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئورمان بىنا قىلىشتا تېخنىكا قائىدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاسان ئۆتىدىغان دەرەخ تۈرلىرىنى ۋە ئىلغار تېخنىكىنى كېڭەيتىپ، دەل - دەرەخنىڭ ئۆتۈش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شۇ يىللىق ئورمان بىنا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى، تىكىلگەن دەل - دەرەخنىڭ ئۆتۈش نىسبىتى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتمىسە، ئۇنى شۇ يىللىق ئورمان بىنا قىلىش كۆلىمىگە كىرگۈزمەسلىكى كېرەك.

25 - ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنى ھۆددە ئېلىش، ئىجارە ئېلىش، سېتىۋېلىش، شېرىكلىشىش، ھەمكارلىشىش شەكىللىرى ئارقىلىق دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىلكىدىكى ئورمانغا باپ يەردە ئورمان بىنا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. دەل - دەرەخنى كىم تىكسە، شۇنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ. تاشقى مەبلەغ ۋە ئىجتىمائىي مەبلەغدىن پايدىلىنىپ ئورمان بىنا قىلىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ.

26 - ماددا يېزا ئاھالىسى ئورمان بىنا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ، دېھقانلارنىڭ ئۆي ئەتراپىدا تىككەن دەل - دەرەخلىرى ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ دەل - دەرەخلەرنى كېسىش، توشۇش، سېتىشتا تەستىقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ھاجەتسىز.

27 - ماددا پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار ئورمانغا باپ قاقاس تاغ، قاقاس يەر، قاقاس يانتۇلۇق ۋە قاقاس ساھىللاردا قانۇن بويىچە ئورمان بىنا قىلسا، يەرلىك باج ئېلىنمايدۇ. يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا سېتىۋېلىش يولى بىلەن ئېرىشكەن بولسا سېتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ. ھۆددە ئېلىپ، سېتىۋېلىپ ئېرىشكەن يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى 50 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدۇ ھەمدە قانۇن بويىچە ۋارىسلىق قىلىشقا، ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، باھا قويۇپ پاي قىلىپ قوشۇشقا، قەرەلى توشقاندىن كېيىن ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن، ئۇنىڭدىن مەلۇم نىسبەتتىكى يەرنى ئاجرىتىپ باشقا تىجارەت قىلىشقا يول قويۇلىدۇ، ئەمما بۇ كۆلەم كۆپ بولغاندىمۇ 30% تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن يەردە ئىككى يىلغىچە ئورمان بىنا قىلمىغانلاردىن يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى شۇ ئورمان يېرىنىڭ ئىگىسى ياكى باشقۇرغۇچى تارماق قانۇن بويىچە قايتۇرۇلىدۇ.

28 - ماددا ئورمان رايونىدا ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتى قىلىش ۋە پىششىقلاشتا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىغا تەستىقلىتىپ، ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتى قىلىش ۋە پىششىقلاش ئىجازەتنامىسى ئېلىش ھەمدە سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىپ تىجارەت كىنىشكىسى ئېلىش شەرت.

29 - ماددا ئورمان رايونىدىن ياغاچ ماتېرىيال توشۇشتا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى بەرگەن ياغاچ ماتېرىيال توشۇش گۇۋاھنامىسى بولۇشى شەرت.

تىجارەت قىلىش ۋە پىششىقلاش ئىجازەتنامىسى ۋە توشۇش گۇۋاھنامىسى بېرىپ باشقۇرۇلىدىغان ياغاچ ماتېرىيال تۈرى مۇندەرىجىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن بېكىتىدۇ ھەمدە ئېلان قىلىدۇ.

30 - ماددا ئورمانچىلىق جەھەتتە مەمۇرىي قانۇن

2
0
0
1

ئىجرا قىلغۇچىلار ياغاچ ماتېرىيال مەيدانىغا كىرىپ، ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ مەنبەسىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىپ تەكشۈرسە بولىدۇ.

**31 ـ ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، مەمۇرىي جازا بېرىلىدىغانلارغا «ئورمان قانۇنى» ۋە «ئورمان قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**32 ـ ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، قانۇنلۇق مەنبە ئىسپاتى بولمىغان ياغاچ ماتېرىيالىنى سېتىۋالغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ئالاقىدار ئىسپاتلارنى سۈرۈك ئىچىدە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، سۈرۈك ئۆتسىمۇ تاپشۇرمىسا، سېتىۋالغان ياغاچ ماتېرىيالىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە ئەمەلىي قىممىتىنىڭ بىر ھەسسىدىن يۇقىرى، ئۈچ ھەسسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

**33 ـ ماددا** بۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تەستىقلاتماي تۇرۇپ، ئورمان بايلىقىدىن پايدىلىنىپ ساياھەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان ياكى ئورمان باغچىسى قۇرغانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشىنى توختىتىپ، سۈرۈك ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، ياكى ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى شۇ ئورمان يېرىنىڭ ئىگىسى ياكى باشقۇرغۇچىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ، كېتەرلىك خىراجەتنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى جاۋابكار ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتا ئېيتىلغان پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئورمان، دەل ـ دەرەخلەرنى نابۇت قىلىۋەتكەنلەرگە «ئورمان قانۇنى» نىڭ 44 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

**34 ـ ماددا** دەل ـ دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە، كەلسە ـ كەلمەس كەسكەن ۋە ئورماننى نابۇت قىلىپ، يەر ئاچقانلارنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك ھەمدە ئوغرىلىقچە كەسكەن ياغاچ ماتېرىيالىنى ۋە ئورماننى نابۇت قىلىپ يەر ئېچىشتا ئىشلەتكەن ترانسپورت قورالى ھەم ماشىنا ـ سايمانلارنى ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قېلىشتەك مەمۇرىي تەدبىرلەرنى قوللانسا بولىدۇ. ترانسپورت قورالى ۋە ماشىنا ـ سايمانلارنى ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قېلىشتا ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قالغانلىق ئۇقتۇرۇشى بېرىش ھەمدە ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قالغان ترانسپورت قورالى ۋە ماشىنا ـ سايمانلارنى ئوبدان ساقلاش كېرەك. ئالاقىدارلار بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، سۈرۈك توشۇپ 30 كۈنگىچە بىر تەرەپ قىلىشنى قوبۇل قىلمىسا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ۋاقىتىنچە تۇتۇپ قېلىنغان ترانسپورت قورالى ۋە ماشىنا ـ سايمانلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. دەل ـ دەرەخنى ئوغرىلىقچە، كەلسە ـ كەلمەس كېسىپ ۋە ئورماننى نابۇت قىلىپ يەر ئېچىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**35 ـ ماددا** ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى تۆۋەندىكى قىلمىشنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ، جاۋابكارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ؛ زىيان پەيدا قىلغانلىرى قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) دەل ـ دەرەخ كېسىش ئىجازەتنامىسىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ بېرىش، ياكى ئۆزىگە قاراشلىق ئورمان تىجارىتى ئورۇنلىرىنىڭ دەل ـ دەرەخنى كەلسە ـ كەلمەس كېسىشىگە يول قويۇش، چاپان يېپىش، سۈكۈت قىلىش؛

(2) بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن تۈرلۈك ئىلتىماسلارنى قەستەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئارقىغا سوزۇپ، بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە بېجىرمەسلىك؛

(3) بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ياغاچ ماتېرىيال تىجارىتىگە قاتنىشىش؛

(4) ئورمان يېرىنى ئىگىلەشكە بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ماقۇل بولۇش؛

(5) خىزمىتىگە مەسئۇل بولماي، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، ئورمان ئوت ئاپىتى ۋە كېسەل، ھاشارەت ئاپىتىنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇش؛

(6) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىشتەك باشقا قىلمىشلار.

**36 ـ ماددا** ئوغرىلىقچە كېسىلگەن، كەلسە ـ كەلمەس كېسىلگەن، نابۇت قىلىنغان دەل ـ دەرەخنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاشتا، غوللۇق دەرەخنىڭ باھاسى بارلىرى شۇ باھا بويىچە ھېسابلىنىدۇ، باھاسى يوقلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى شۇ جايدىكى ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ بازار باھاسىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ چاتقال ۋە ئىقتىسادىي ئورماننىڭ باھاسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش ئومۇمىي جەريانىدىكى قايتا قويۇلغان باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى باھا تارمىقى بىلەن بىرلىكتە بېكىتىدۇ.

**37 ـ ماددا** بۇ چارە 2001 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. 1990 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئورمان قانۇنى›نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى» بىكار قىلىنىدۇ.

# مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن، نىزاملارنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى رولى توغرىسىدا

قەمەرجان قابىل

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك قارارى. مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن، نىزاملار پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللىنىش، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك تۈزۈمنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

باش شۇجى جياڭ زېمىن: «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى مۇقىم بولمىسا پۈتۈن مەملىكەت مۇقىم بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايون خەلقلىرى ھاللىق سەۋىيىگە يەتمىسە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقلىرىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتتى دېگىلى بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى زامانىۋىلاشمىسا، پۈتۈن مەملىكەتنى زامانىۋىلاشتى دېگىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشى، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى، زامانىۋىلىشىشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، زامانىۋىلىشىشىغا، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ شۇنداقلا دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ نىشان.

بىز ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا، ئاۋۋال مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن، نىزاملارنى يەنىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئەھمىيىتىنى ئاممىنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭدۇرۇپ، تونۇشنى يەنىمۇ بىر بالداق ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

دۆلىتىمىزدە 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بار، 56 مىللەت بىرلىكتە ياشايدۇ. بۇ 56 مىللەتنىڭ 55 ى ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى چېگرا رايونلاردا ۋە تاغلىق رايونلاردا تارقاق ھەم ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، بىلىم ۋە پەن-تېخنىكا قۇرۇلمىسى، قانۇنچىلىق كۆز قاراش جەھەتتە ساپاسى بىر قەدەر تۆۋەن. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان جۇڭگو كومپارتىيىسى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىپ، مۇناسىپ كېلىدىغان نام بىلەن ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك يېزا (مىللىي يېزا) قۇرۇپ بېرىپ، ئۆتمۈش، تارىخ قالدۇرۇپ كەتكەن بارا-ۋەرىسىزلىك داغلىرىنى پاكىز يۇيۇپ ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنى ئۆزى ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆزى ئۆزىگە خوجا بولۇش جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن قىلغان بولسىمۇ، ئىچكىرى ئۆلكە، رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا تۆۋەن تۇرىدۇ. بىز ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۆۋەنلىكلەرنى ئۈزۈل-

كېيىن تۈگىتىپ باشقا ئۆلكە، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى بىلەن تەڭلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشتە ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنى بەلگىلىك قانۇن - بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە قىلىپ، غەربىي رايوننى ئېچىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان كۆز قاراشنى ئۆستۈرۈش شۇنداقلا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقتىدا بەرگەن يوليورۇقىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قىبلىنامە قىلىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا زىچ ماسلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، قەدەمنى، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلاشتا ھەممىمىز ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاپ، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش ئۆلچىمىگە تېزرەك يېتىشىۋېلىشىمىز زۆرۈر.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى دۆلىتىمىز قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى. بۇ قانۇن، نىزاملار ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ئۆز ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىپ، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ئۆز رايونلىرىنى، ئۆزلىرىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە روناق تاپقۇزدى ھەم تاپقۇزۇۋاتىدۇ. ئۇلار قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولدى، مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونومىيىلىك تۈزۈم كۈنسېرى مۇستەھكەملىنىپ، دۆلىتىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ تۈپكى تۈزۈمىگە ئايلاندى. بۇ تۈزۈم دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياققان، مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا - ئورتاق گۈللىنىشتە ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىكى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ماددىي ۋە مەنىۋىلىك قۇرۇلۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ كېلىۋاتماقتا.

بىز ھازىر غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى بېسىۋاتىمىز. يېڭى ئەسىرمۇ بىزگە يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا بىز مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن - نىزاملارنى، شۇنداقلا ئاپتونومىيىلىك تۈزۈمنى بۇ يېڭى بىر ئەسىردىكى ھەم شەرەپلىك ھەم مۇشكۇل ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش نىشانىغا يېتىشنىڭ سىياسىي ئاساسى قىلىشتا:

1 ) دۆلىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ھەر قايسى قانۇن، نىزاملارنى يەنىمۇ كەڭ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىلغار كۈچلەرنى نۇقتىلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، فېئوداللىق كۆز قاراشلارنى، ناچار ئىللەت ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ھەر قايسى قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشتىكى ئىلغار تىپلارنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا قانۇنلارنىڭ بولۇپمۇ مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىچكى، تاشقى دۈشمەن كۈچلەرگە، چىرىكلىككە، بۆلگۈنچىلەرگە، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس رولىنى، قۇدرەتلىك كۈچىنى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، ئۇلارنى قانۇننى تونۇش، ئىجرا قىلىش جەھەتلەردە يېڭىچە ئاڭغا ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

2 ) مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن - نىزاملار ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ، بۇلارنىڭ بىر - بىرىگە تايىنىدىغان، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، بىر - بىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان، بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ھەممىلا جايدا گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنى ھەر قايسى قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەرنى چوڭقۇر تونۇۋېلىشقا، ئادا قىلىشقا، ئىجرا قىلىشقا، قانۇنلاردىن تولۇق پايدىلىنىشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنى قانۇنىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى يېگىلاپ، ئۇلار ئارىسىدىكى پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى نۇقتىلىق تەربىيىلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت

خەلقلىرىنى يۇغىنا، مۇكەممەل قانۇننى كۆز قاراشقا ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى ئىدىيالىزمدىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق، ئاتېئىزملىق ئىدىيىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلايدىغان يېڭى روھىي قىياپەتتە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

3 ) قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مىللەت - دىنغا دائىر قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر قانداق پائالىيەتلەرنىڭ قانۇنلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، قانۇنلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشتا ئاممىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ قانۇنى ۋە نىزاملىرىنى تونۇشىمىز، ئىجرا قىلىشىمىز، بويسۇنۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇشىمىز، ھەرگىزمۇ شەخسلەرنىڭ قورالى سۈپىتىدە پايدىلانماسلىقىمىز ھەم شۇنداق قىلىشقا يول قويماسلىقىمىز لازىم.

( 1 ) قانۇنچىلىق بىلىممۇ ئىجتىمائىي پەن تەركىبىدىكى مۇھىم بىلىملەرنىڭ بىرى. قانۇنچىلىق بىلىمىنى بىلىش - ئۆگىنىش، قانۇنغا بويسۇنۇش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش قانۇنلارنى ھۆرمەت قىلىش، ھىمايە قىلىش دېمەكتۇر. قانۇن بىلىمىنى بىلمىگەندە ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى بىلمەيلا قالماي، ھەر قايسى قانۇنلارنىڭ ئورنىنى ۋە ۋەزىپىلىرىنى بىلمەيدۇ ھەتتا ئۆزلىرىنى قانۇنلار ئارقىلىق قوغداشنىمۇ بىلمەيدۇ. قانۇنلاردا كۆرسىتىلگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلالمايدۇ. قىسقىسى، قانۇننى بىلمىگەن كىشى دۆلىتىمىزنىڭ ياخشى بىر پۇقراسى بولالمايدۇ.

(2) كۈچلۈك قانۇن، نىزام بولغاندا، مۇشۇ قانۇن، نىزامنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ئامما چوڭقۇر تونۇپ يەتكەندە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكىلى، مۇقىملىقنى ساقلىغىلى، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەتنى يارىتقىلى، تەرەققىياتنى تېزلەتكىلى، ھاللىق سەۋىيىگە تېزلىكتە يەتكىلى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ قانۇنلارنىڭ كاپالەتلىك رولىنى جارىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. مانا بۇ بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قانۇنلارنىڭ رولى ئىنتايىن زور. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى چىڭ، دائىم تۇتۇلغاندىلا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش قۇرۇلۇشى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، قوش مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى، پاك - دىيانەتلىك بولۇش قۇرۇلۇشى ... قاتارلىق بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشلار ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىدىكى كاپالەتلىك قىلىدىغان ئارقا تېرەك ئورنىنى تاپقان بولىدۇ. چۈنكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىر مىليارد خەلقنىڭ مادديي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن - يەتمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قۇرۇلۇشى، بۇ قۇرۇلۇش چىڭ تۇتۇلسا، دۆلەت كۈچىيىدۇ، خەلق بېيىيدۇ، سىياسەت، قائىدىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئىزچىللىشىدۇ.

( 3 ) قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئاممىنىڭ قانۇنىي ئېڭىنى، قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇنلارنى ھىمايە قىلىش، بويسۇنۇش، ئىجرا قىلىش، بولۇپمۇ مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن، نىزاملارنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى دائىملاشتۇرۇپ، قانۇنلارنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم.

( 4 ) ھەر قايسى قانۇنلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ماددىلىرىنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، ئامما ئارىسىدا قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق قانۇنلارنى ئاممىغا تاپشۇرۇپ، ئاممىنىڭ قانۇن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەممىلا جايدا قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، قانۇنلارنىڭ مۇقەددەسلىكىنى تەشۋىق قىلىشنى دائىملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

**( ئاپتور قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى باشقارمىسىدىن )**

مەسئۇل مۇھەررىرى: سەمەت دۆگايلى

2010

# خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم يۈسۈپ

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سايلىمى ئېلىمىز ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇش جەريانىدا گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنىڭ ياخشى-يامانلىقى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، سايلام تۈزۈمى ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنىڭ مەزمۇنى، سايلام تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرىگە بولغان ئىدىيىۋى تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. سايلام ۋە سايلام تۈزۈمى ھەققىدە چۈشەنچە

سايلام مەلۇم ئىجتىمائىي توپنىڭ بارلىق ياكى قىسمەن ئەزالىرى بەلگىلەنگەن ئۇسۇل ۋە تەرتىپ بويىچە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن جامائەت خىزمەتچى خادىملىرىنى تاللاش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ مەنىدىن سايلام بىر خىل ھوقۇق ھاۋالە قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپ قانۇنىي ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى ھېسابلىنىدۇ. سايلام بىر خىل ھوقۇق ھاۋالە قىلىش ھەرىكىتى دېيىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈنكى، دېموكراتىك تۈزۈمنى يولغا قويغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى شەكىل جەھەتتە بولسىمۇ «بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ» دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ. خەلق بارلىق ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزەلمىگەنلىكتىن، سايلام شەكلى ئارقىلىق ئۆزىگە تەۋە بولغان ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يۈرگۈزۈشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ناۋادا سايلاپ چىققان جامائەت خىزمەتچى خادىملىرى سايلىغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلالمىسا، سايلىغۇچىلار خالىغان ۋاقىتتا بەلگىلىك شەكىل ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەت يەنى ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق. سايلام جەريانىدا پۇقرالار جەزمەن شەكىل جەھەتتە ئۆز ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىغا ئاساسەن تاللاش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ھەقىقىي دېموكراتىك سايلام ھېسابلانمايدۇ. ھازىرقى دۇنيادا سايلام كىشىلەر سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنىغا ئايلاندى. ئۇ پۇقرالارنىڭ بىر تۈرلۈك ئاساسىي دېموكراتىك ھوقۇقى.

سايلام تۈزۈمى — ئاساسىي قانۇن، پارلامېنت تەشكىلىي قانۇنى ۋە سايلام قانۇنىغا ئاساسەن دۆلەت ۋەكالەت ئورگانلىرىنىڭ ئەزالىرى ياكى دۆلەت جامائەت خىزمەتچى خادىملارنى سايلىغان ۋاقىتتا جەزمەن ئەمەل قىلىدىغان سايلام پرىنسىپى، سايلام ئۇسۇلى ۋە سايلام تەرتىپى قاتارلىق ھەر خىل قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق سايلام بەلگىلىك پرىنسىپ، ئۇسۇل ۋە تەرتىپكە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. سايلام تۈزۈمى سايلام قانۇنى ماقۇللاش ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. سايلام تۈزۈمى كەڭ ۋە تار مەنىگە ئىگە. كەڭ مەنىدىكى سايلام تۈزۈمى بىر دۆلەتتىكى بارلىق غەيرىي بەلگىلەنگەن جامائەت خىزمەتچى خادىملىرىنى سايلاش تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ، تار مەنىدىكى سايلام تۈزۈمى بىر دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاش تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى دۆلەت ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ سايلىمى بارلىق سايلام پائالىيىتىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، باشقا سايلام پائالىيىتى پرىنسىپلىرى ۋەكالەت ئورگانلىرىنىڭ سايلام پرىنسىپى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ.

## 2. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

1) خەلق ئاممىسى ئەڭ ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئېلىمىز ئاساسىي قانۇنى ۋە سايلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلاردىن باشقا 18 ياشقا توشقان بارلىق ئېلىمىز پۇقرالىرى مىللەت، ئىرق، جىنسى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىن ئېتىقادى، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى، مال-مۈلۈك ئەھۋالى ۋە ئولتۇراقلاشقان ۋاقىت چېكى ئايرىماستىن قانۇن بويىچە سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئېلىمىز پۇقرالىرىنىڭ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا بولغان چەكلىمە ئىككى. بىرى ياش ئۆلچىمى، يەنە بىرى سىياسىي ئۆلچەم.

2) خەلق ئاممىسى باراۋەر بولغان سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. سايلام قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەر بىر سايلىغۇچى بىر قېتىملىق سايلامدا پەقەتلا بىر ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئەمما ئېلىمىز دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، شەھەر بىلەن يېزا سايلىغان ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاھالە سانى ھەم ئاياللار، ئاز سانلىق مىللەتلەر،

ھەربىيلەر، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارغا ئوخشاش ئالاھىدە توپنىڭ مەنپەئەتى ھەققىدە مەخسۇس بەلگىلىمە چىقارغان.

3) بىۋاستە سايلام بىلەن ۋاستىلىك سايلام ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. سايلام قانۇنى بەلگىلىمىسى بويىچە يېزا ـ بازار دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلارنىڭ بىۋاستە سايلىمىدا پەيدا بولىدۇ. مەملىكەتلىك ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاستىلىك سايلىمىدا پەيدا بولىدۇ.

4) مەخپىي ئاۋاز بېرىش پرىنسىپى يولغا قويۇلغان.

5) خەلق ئاممىسىنىڭ سايلام ھوقۇقى كۆپ جەھەتلەردە كاپالەتكە ئىگە. مەسىلەن، سايلام خىراجىتى دۆلەت خەزىنىسىدىن چىقىرىلىدۇ. سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەر قانۇن بويىچە جازالىنىپ، سايلامنىڭ توغۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

3. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، «ئاساسىي قانۇن»، «سايلام قانۇنى»، «تەشكىلىي قانۇن» نىڭ بىر قانچە قېتىم تۈزىتىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلىشى ھەمدە «ۋەكىللەر قانۇنى» نىڭ تۈزۈلۈشىگە ماس ھالدا سايلام تۈزۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىز سايلام تۈزۈمى زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشتى ۋە قانۇن ئىزىغا سېلىندى. لېكىن سايلام تۈزۈمى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەزگىلىدە پەيدا بولغانلىقى، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ۋە ھوقۇق يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ تەسىرىدىن تولۇق قۇتۇلالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش ئەھۋالىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. يەنىلا بەزى سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزنى كۈتمەكتە. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئىپادىلىرى:

1) تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر. بولۇپمۇ بەزى سايلام تۈزۈمىنىڭ دېگەندەك مۇكەممەل بولماسلىقى، سايلام تەرتىپىنىڭ دېگەندەك ئەمەلىيلەشمەسلىكى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن سىياسىي تۇرمۇشنىڭ زىددىيىتى، سىياسىي سىستېما يۈرۈشۈشىنىڭ ئاشكارىلىق، سۈزۈكلۈك دەرىجىسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن قىسمەن جايلاردا سايلام پائالىيىتىدە يۇقىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئاساس قىلىش، شەكىلۋازلىق قىلىش، سايلىغۇچىلار بىرلىشىپ كۆرسەتكەن نامزات ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچراش ھادىسىلىرى گەۋدىلىك بولۇپ، كىشىلەر سايلام پائالىيىتىدىكى دېموكراتىك كەيپىياتنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلماقتا. بۇلار ئەمەلىيەتتە سايلاش ھوقۇقى ئۇنۇمىنىڭ باراۋەرسىزلىكىنى پەيدا قىلىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ ۋەكىللەرگە بولغان نازارەتچىلىك ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە يۈرگۈزۈشكە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

2) فېئوداللىق ئىدىيە ۋە «سولچىل» ئىدىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرى، شۇنداقلا باشقا ئامىللارنىڭ چەكلىمىلىكى نەتىجىسىدە، خېلى بىر قىسىم سايلىغۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش تۈپەيلىدىن، سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ئاجىز بولۇش، سايلىغۇچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىگە بولغان تونۇشى ئېنىق بولماسلىق، سايلام پائالىيىتىگە ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتناشماسلىق، مۇقەددەس سايلام ھوقۇقىنى يۈرەكلىك بىلەن تولۇق يۈرگۈزمەسلىك، خوجايىن چاكارغا ئايلىنىپ قېلىش ھادىسىلىرى پەيدا بولۇپ، سايلام نىشانىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا.

3) كۆز قاراش جەھەتتە بەزى جايلاردا خاتا ھالدا «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى» ھەر دەرىجىلىك ھەر ساھە رەھبىرىي كادىرلىرى بەھرىمەن بولىدىغان بىر خىل سىياسىي مۇئامىلە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىلغارلارنى تەقدىرلىشىنىڭ بىر خىل شەكلى دەپ قارىغانلىقتىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىل سايلىمىدا نامزات كۆرسەتكەندە ۋەكىللەرنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتى، خىزمەت ئىپادىسى ۋە تۆھپىسىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، نامزاتلارنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، سېزىش، ھۆكۈم قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارى، ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئىقتىدارى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىقلارغا سەل قاراش، ئىلغار نەمۇنىچىلار، ھەر خىل چولپانلار ۋە دىنىي ساھە ۋەكىللىرىگە كۆپ ئەھمىيەت بېرىش ئېغىر. قىسمەن نەمۇنىچىلار، چولپانلارنىڭ سىياسىي تەربىيىلىنىشى كەمچىل، ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ئىقتىدارى، كەسپىي، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن بولۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەكلىپ لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانلىقتىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ نەمۇنىچىلار، چولپانلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلانسا بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ۋەكىل نامزاتى جەزمەن كەسپىي بىلىمگە توشقان، مەسىلىلەرنى سېزىش، ھەل قىلىش ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولغان، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئەتىنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان ساپاغا ئىگە بولۇش كېرەك دېگەنلىك.

4) ئاساسىي قاتلام نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا

2001

3

قىسمەن جايلاردا پارا بېرىپ سايلىنىش، ۋاكالىتەن سايلاش، رەسمىيەتچىلىك قىلىپ قارىغۇلارچە ئاۋاز بېرىش قاتارلىق ھادىسىلەر مەۋجۇت بولۇپ، سايلام نەتىجىسى بىلەن سايلام نىشانى ماسلىشالماي، سايلام ساپاسى تۆۋەنلەپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگىنى قۇرۇلۇشىنى ساغلاملاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش قىيىنغا چۈشمەكتە.

سايلام تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي رېئال ئۆزگىرىشكە ئاساسەن سايلام نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، دەل ۋاقتىدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە تەۋرەنمەستىن پىلانلىق ۋە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا سايلام تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دېموكراتىك ھوقۇقىغا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1 ) پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە سىياسىي ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگانلىرىغا بەلگىلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ بەلگىلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيدىغان كىشىلەرنى تاللايدىغان سىياسىي پائالىيەت. يۇقىرى ساپالىق ۋەكىللەرنى سايلاپ خەلق قۇرۇلتىيى ئورگانلىرىغا كىرگۈزۈش ياكى كىرگۈزەلمەسلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرۇش، ئىگىلىك ھوقۇق خەلقتە بولۇش روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا سايلام تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن زور كۈچ بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن پۇقرالار ۋە كادىرلارغا بولغان دېموكراتىيە، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە سىياسىي، پەننىي بىلىم تەربىيىسى ۋە تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى ۋە قانۇن ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سىياسىيغا ئىشتىراك قىلىش قىزغىنلىقى، ئىقتىدارى ۋە ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق سايلام ۋە پۈتكۈل دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئاساس سېلىش كېرەك.

2 ) رىقابەت مېخانىزمىنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىمىدا قوللىنىش كېرەك. ۋەكىل نامزاتى كۆرسەتكەندە ۋەكىللەرنىڭ تەركىبى ۋە ھەر خىل ۋەكىل نىسبىتى مەسىلىسىدە بەك قاتتىق بەلگىلىمە چىقارماسلىق، سايلىغۇچىلار بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ كۆرسەتكەن نامزات بىلەن پارتىيە گۇرۇھ تەشكىلاتلار كۆرسەتكەن نامزاتلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ۋەكىل نامزاتلارنىڭ كۆرۈشۈش، نۇتۇق سۆزلەش، سايلىغۇچىلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، ھەتتا مۇنازىرىلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆز قاراش، چۈشەنچە ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى تەشۋىق قىلىشقا يول قويۇپ، سايلىغۇچىلارنىڭ نامزاتلارنى كەڭ چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرگىلى، سايلىغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە سىياسىي قىزغىنلىقىنى تولۇق قوزغاپ، نامزاتلارنىڭ ئادىل رىقابەت پۇرسىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىدارلىقلىرى تاللىنىدىغان، ئىقتىدارسىزلىرى شاللىنىدىغان سايلام رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

3 ) بىۋاستە سايلام دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ۋاستىلىك سايلام دائىرىسىنى قىسقارتىش كېرەك. ئېلىمىزدە نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان بىۋاستە سايلام بىلەن ۋاستىلىك سايلامنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى دۆلەت ئەھۋالىغا ئومۇمىي جەھەتتە ئۇيغۇن بولۇش، ئادىي، خىراجەت تېجەلىدىغان ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇپ، بەزى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن نامزاتلارنىڭ سايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينىسىمۇ، ئەمما ئۇ غايىۋى، مۇكەممەل بولغان دېموكراتىك سايلام شەكلى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىۋاستە سايلام دائىرىسىنىڭ چوڭ كىچىكلىكى دېموكراتىيە دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. سوتسىيالىزم كاپىتالىزمدىن يۇقىرى دېموكراتىيە بەرپا قىلىش ئۈچۈن جەزمەن بىۋاستە دېموكراتىيە دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئېلىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. خەلقنىڭ سىياسىي ئېڭىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ بىۋاستە سايلام دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ شارائىتى پىشىپ يېتىلىشكە باشلىدى. شۇڭا نىسبىي ھالدا شارائىتى ھازىرلانغان بىۋاستە قاراشلىق شەھەر ۋە ئۆلكىلەرنى تاللاپ، بىۋاستە سايلام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇ سايلىغۇچىلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئېڭىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، چىرىكلىشىش ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە چەكلەپ، ئېلىمىز دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشىغا بىۋاستە تۈرتكە بولىدۇ.

( ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى )

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دوگايلى

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ياخشى ئىشلىشىمىز زۆرۈر بولغان بىر قانچە خىزمەت

ماچاڭيى

بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 - يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى بىر چوڭ ئىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ زور تەدبىرى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىنتايىن زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويىدىغان تۈپ قانۇن، ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ياخشى يولغا قويۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتكىچە جاپالىق ئىشلەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە، نۇقتىلىق قىلىپ تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز زۆرۈر:

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق - تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم.

قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى پىششىق بىلىش - قانۇننى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن، تەشۋىق - تەربىيە پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش لازىم. بۇ قېتىم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگىنى 39 ماددا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرى، بايلىق، مۇھىت قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە كۆپلىگەن يېڭى، كونكرېت بەلگىلىمىلەر بار. ئىلگىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا ھەم چۈشىنىش چوڭقۇر بولماسلىق، ئۆزلەشتۈرۈش يېتەرلىك بولماسلىقتەك مەسىلىلەر ساقلانغان، ھەم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ياكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭلا ئىشى دېگەندەك مۇجمەل تونۇش ساقلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، ئۇنى ئېڭىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئاڭلىق ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرالايمىز.

*بىرىنچىدىن، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك.* قانۇننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنى توغرا، ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك سۆز - ئىبارىلەر ۋە جانلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ھەممەيلەننى ۋاقىپلاندۇرۇش، ھەممە ئادەمگە بىلدۈرۈش لازىم. پۈتۈن خەلق بۇ قانۇننى پىششىق بىلىپ، پۇختا ئىگىلەپ، ھەممە ئادەم مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا رىئايە قىلىدىغان ۋە ئۇنى قوغدايدىغان كۆز قاراشنى تىكلىسە ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلەنسە، بۇ قانۇننى يولغا قويۇش پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ.

*ئىككىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، تەشۋىق قىلىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك.* پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، رەھبىرىي كادىرلار مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنىڭ رەھبەرلىك قىلغۇچىلىرى ۋە تەشكىللىگۈچىلىرىدۇر. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسىدا چىڭ تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇشى، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ئاڭلىقلىقىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى، قانۇننى

ئۆگىنىش، قانۇننى چۈشىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇننى قانۇنچىلىق تەشۋىق ـ تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئاپتونومىيە قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم.

*ئۈچىنچىدىن، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك.*

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇننى يولغا قويۇش ئۇزاق مۇددەتلىك بىر جەريان، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭگەن. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقە كۈنسايىن قويۇقلىشىدۇ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بارغانسېرى چىڭىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن پەيدا بولىدىغان زىددىيەت ۋە ماجىرالار ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنىڭ كۈچىيىشى، قانۇن بويىچە ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئېڭىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى نەتىجىسىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇننى يولغا قويۇش ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۈچ كېلىدۇ. شۇڭا تارىخىي تەجرىبىلەرنى ۋە دۇنيا ئەللىرىنىڭ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەن ئاساستا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەسىلىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشىمىز زۆرۈر. نەزەرىيە جەھەتتە تونۇشنى، ئەمەلىيەت جەھەتتە ھەق ـ ناھەقنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىلا، ئاندىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇننى تېخىمۇ ئوبدان يولغا قويالايمىز.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يۈرۈشلەشكەن قانۇن سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن: « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. نۆۋەتتىكى مۇھىم ھالقا ـــ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ‹ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى › نىڭ يۈرۈشلەشكەن قانۇن سىستېمىسى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا تېخىمۇ ياخشى رول ئوينايدىغان قىلىش لازىم » دەپ كۆرسەتتى. يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا: « گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە مەزكۇر قانۇننى يولغا قويۇش ئۈچۈن مەمۇرىي نىزام، قائىدە، كونكرېت تەدبىر ۋە چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك » . « ئاپتونوم رايون ۋە تەۋەسىدە ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە بار ئۆلكىلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەزكۇر قانۇننى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىدۇ » دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. شۇڭا، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىختىساسلىقلار قاتارلىق جەھەتلەردە ئايرىم قانۇن تۈزۈپ چىقىشىنى، گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇننى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. بىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىشىغا پائال قاتنىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنىڭ مىللەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا قويغان جىددىي تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈشىمىز لازىم. ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىپ، ئاپتونومىيە نىزامىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش؛ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى تەدبىرلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش؛ قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇقلارغا ئاساسلىنىپ، جانلىق تولۇقلىما بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىش لازىم.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. قانۇن بولغان بىلەنلا كۇپايە قىلمايدۇ. قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ بارلىق ئىشلاردا قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈك بەلگىلىمىلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلارنى ۋاقتىدا توسۇشى ۋە تۈزىتىشى لازىم

( « جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلى 2001 ـ يىل 10 ـ سانىدىن ئابدۇلئەھەد ھاجى تەرجىمىسى )

مەسئۇل مۇھەررىر : نۇرگۈل كېرەم

# جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى جىنايى جاۋابكارلىق يېشى تۇغرىسىدا

ئابلىز جېلىل سەلەي

1997 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان «جىنايى ئىشلار قانۇنى» دا جىنايى جاۋابكارلىق يېشى مەزگىلى ئۈستىدىمۇ خېلى كەڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن. يەنى مەزكۇر قانۇننىڭ 17 ـ ماددا 1 ـ تارمىقىدا: « 16 ياشقا توشقانلار جىنايەت ئۆتكۈزسە، جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ » ؛ 2 ـ تارمىقىدا: « 14 ياشقا توشۇپ 16 ياشقا توشمىغانلار قەستەن قاتىللىق قىلىش، قەستەن يارىلاندۇرۇپ ئېغىر زەخىملەندۇرۇش ياكى ئۆلتۈرۈپ قويۇش، باسقۇنچىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، زەھەرلىك بويۇملارنى ئېلىپ سېتىش، ئوت قويۇش، پارتلىتىش، زەھەر سېلىش جىنايەتلىرىنى ئۆتكۈزسە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ » ؛ 3 ـ تارمىقىدا: « 14 ياشقا توشۇپ، 18 ياشقا توشمىغانلار جىنايەت ئۆتكۈزسە يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ » ... دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەممىسى جىنايى جاۋابكارلىق يېشى ھەققىدىكى بەلگىلىمە بولۇپ، بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن جىنايى جاۋابكارلىق يېشى مەزگىلىنى تۆۋەندىكىدەك ياش مەزگىللىرىگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. مۇتلەق جاۋابكارلىقى بولمىغان ياش مەزگىلى

بۇ مەزگىل قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالالمايدىغان مەزگىل بولۇپ، قىلمىش سادىر قىلغۇچى 14 ياشقا توشمىغان بولسا، ئۇ مەيلى قانچىلىك ئېغىر ئىجتىمائىي زىيانلىق قىلمىش سادىر قىلسۇن بىرىدەك جىنايەت ھېسابلانمايدۇ، ئۇنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. چۈنكى 14 ياشقا توشمىغانلار تېخى گۆدەك باسقۇچتا بولۇپ، فىزىئولوگىيىلىك ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن. ئاق ـ قارىنى ۋە ئۆز قىلمىشىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان بولىدۇ. بىراق، نۆۋەتتە جەمئىيىتىمىزدە ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا جىنايەت سادىر قىلىش بارغانسېرى ئەدەمەكتە. جىنايەتچى ئۇنسۇرلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئالداش، مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ ئۇلارنى جىنايەت يولىغا ئىتتىرمەكتە. ھەتتا باللاردىن تەشكىللەنگەن جىنايەت گۇرۇھلىرىمۇ بارلىققا كېلىپ جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلماقتا. قۇرامىغا يەتمىگەنلەر جەمئىيەتكە ئېغىر قىلمىش سادىر قىلسىمۇ ئۇلارغا جازا بېرىلمىگەنلىكتىن، ئۇلار يەنە تەكرار جىنايەت سادىر قىلماقتا. بۇ مەسىلىگە قارىتا ئېلىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن قانۇنلارنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيلىشىپ كېتەلمىدى. مەسىلەن: 1999 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى » نىڭ 15 ـ ماددىسىدا « ... تىجارەت سورۇنلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ھاراق ـ تاماكا سېتىپ بەرمەسلىكى كېرەك 33 ـ ماددىسىدا: « تىجارەتلىك تانسىخانا ۋە قۇرامىغا يەتمىگەنلەر كىرىشكە بولمايدىغان باشقا سورۇنلارغا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ دەپ ئېنىق يېزىپ قويۇشى، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقى كېرەك » دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بۇ بەلگىلىمىلەر ئېنىقى قەغەز، قارىسى سىياھ بولۇپ قېلىۋېرىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە جىنايەت سادىر قىلىشقا ئالاھىدە سورۇن ھازىرلاپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشلىرى كۆپەيدى. بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا ئېلىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىدا يەنە « 16 ياشقا توشمىغانلىقى ئۈچۈن جىنايى جازا بېرىلمىگەنلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياكى ۋەسىيلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بۇيرۇلىدۇ ؛ زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇلارنى ھۆكۈمەت يىغىۋېلىپ تەربىيىلىسىمۇ بولىدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدا ئومۇمەن دۆلەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقى، كۆيۈنىدىغانلىقى ۋە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىدەك روھى گەۋدىلەندۈ-

رۇلگەن.

2. نىسپىي جاۋابكارلىق يېشى مەزگىلى

بۇ مەزگىل 14 ياشقا توشۇپ 16 ياشقا توشمىغان ياش مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە قەستەن قاتىللىق قىلىش، قەستەن يارىلاندۇرۇپ ئېغىر زەخىملەندۈرۈش ياكى ئۆلتۈرۈپ قويۇش، باسقۇنچىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، زەھەرلىك بۇيۇملارنى ئېلىپ سېتىش، ئوت قويۇش، پارتىلىتىش، زەھەر سېلىش قاتارلىق 8 خىل جىنايەتنىلا سادىر قىلىدىكەن، جىنايەت ھېسابلىنىپ، جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ يەردىكى 8 خىل جىنايەت كونكرېت شۇ 8 خىل جىنايەتنىلا ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ ياكى باشقا جىنايەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىقى 8 خىل جىنايەتنىڭ بىرى بولغان باسقۇنچىلىق جىنايىتىنى ئالايلى، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 17 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدا 14 ياشقا توشۇپ 16 ياشقا توشمىغانلار باسقۇنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلمىش جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بىراق بۇ مەزگىلدىكىلەر نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىش جىنايىتىنى سادىر قىلسا جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنامدۇ ـ يوق؟ بۇ ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە، ئۇزۇندىن بېرى باسقۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىش جىنايىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى خىل جىنايەت نامى قىلىپ بېكىتىلىپ كەلگەن. گەرچە بۇ 8 خىل جىنايەت نامىغا نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىش جىنايىتى كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ، بىراق جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ خاس پرىنسىپ قىسمىدىكى قانۇن ماددىلىرىدا نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىش جىنايىتى باسقۇنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى دەپ بەلگىلەنگەن، يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 236 ـ ماددىسىدا: «14 ياشقا توشمىغان نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگسە باسقۇنچىلىق جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىپ ئېغىر جازا بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 17 ـ ماددىسى بىلەن 236 ـ ماددىسىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلساق، باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئەلۋەتتە نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىش جىنايىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا نىسپىي جاۋابكارلىق يېشى مەزگىلدىكىلەر نارەسىدە قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىش جىنايىتىنى سادىر قىلسىمۇ ئوخشاشلا جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

3. تولۇق جاۋابكارلىق يېشى مەزگىلى

بۇ قانۇن بويىچە تولۇق جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدىغان ياش مەزگىلى بولۇپ، 16 ياشقا توشقانلار جىنايەت ئۆتكۈزسە جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ؛ يەنى قىلمىش سادىر قىلغاندا 16 ياشقا توشقانلا بولسا ھەر قانداق جىنايەتكە قارىتا ئۇنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ياش مەزگىلدىكىلەر فىزىئولوگىيە ۋە ئەقلىي جەھەتتە خېلى يېتىلگەن بولۇپ مۇئەييەن ئىجتىمائىي بىلىمگە ۋە ھەق ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا شۇنداقلا ئۆز قىلمىشىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭا بۇ ياش مەزگىلدىكىلەر جىنايەتلا سادىر قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن خەۋپىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن 16 ياشقا توشقان بولۇش جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش يېشىنىڭ ئومۇمىي باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنغان. مۇشۇنداق قىلغاندا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ يەنە داۋاملىق جىنايى قىلمىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە باشقا تەرتىپلەرنى قالايمىقان قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە شۇنداقلا تېڭىرقاش ھالىتىدە تۇرغان، جىنايەت پاتقىقىغا پېتىۋاتقان گۆدەكلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگىلى بولىدۇ.

4. كەڭچىلىك قىلىنىدىغان يېشى مەزگىلى

بۇ مەزگىل جىنايەت سادىر قىلغانلارغا يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىدىغان ياش مەزگىلى بولۇپ، ئومۇمەن 14 ياشقا توشۇپ 18 ياشقا توشمىغانلار جىنايەت سادىر قىلسا يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇ ياش مەزگىلدىكىلەر مەيلى ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ياكى فىزىئولوگىيە جەھەتتە بولسۇن، مەيلى دۇنيا قاراش، ئىدىيە جەھەتلەردە بولسۇن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىغاندا يەنىلا پىشىپ يېتىلمىگەن، ئاسانلا قايمۇقىدىغان بولۇپ، ئۆز ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش ۋە ياخشى ـ ياماننى پەرق ئېتىشتە يەنىلا ئاجىز. شۇڭا ئۇلارغا جازا تەتبىقلىغاندا قۇرامىغا يەتمىگەنلەر بىلەن تامامەن ئوخشاش قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئا-

ئەت بەلگىلىمىلەردىن جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 49 - ماددىسىدا: « جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا 18 ياشقا توشمىغانلارغا ...ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن. ئەلۋەتتە، ئۆلۈم جازاسىنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ياش مەزگىلدىكىلەرگە يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىشنىڭ تىپىك مىسالى. ئومۇمەن ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا تەربىيىنى ئاساس قىلىش، جازالاشنى قوشۇمچە قىلىش كېرەك شۇنداقلا قۇرامىغا يەتمىگەنلەر جازا ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ئۇلارنىڭ داۋاملىق مەدەنىيەت بىلىملىرى، قانۇن بىلىملىرى ياكى كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تاماملىمىغان، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ داۋاملىق مەجبۇرىيەت مائارىپى تەربىيىسى ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇ مەزگىلدىكىلەر جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىنمۇ مەكتەپكە قايتا بېرىش، يۇقىرىلاپ ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە قۇرامىغا يەتكەنلەر بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى، ھەر قانداق ئورۇن ياكى شەخس ئۇلارنى كەمسىتمەسلىكى كېرەك.

( ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدىن )

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

( بېشى 20 - بەتتە ) مەيلى يەتمەكچى بولغان مەقسىتىدىن بولسۇن، شەھۋانىي پارىخورلۇق پارىخورلۇق جىنايىتىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇ خۇددى مال - مۈلۈك پارىخورلۇقىغا ئوخشاشلا دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەشتىكى پاكلىقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشتىن ئىبارەت پارىخورلۇق جىنايىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، 1993 - يىلى مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا ماقۇللانغان « ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى » نىڭ 22 - ماددىسىدا: « تىجارەت قىلغۇچى مال - مۈلۈكتىن ياكى باشقا ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ پارا بەرسە ... » دەپ بەلگىلەنگەن. بەزى مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ قارىغان، بۇ يەردە ئېيتىلغان « باشقا ۋاسىتىلەر » مال - مۈلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە مال - مۈلۈكتىن خالىي بولغان شەھۋانىي مەنپەئەت، شەھۋانىي تەلەپ ياكى شەھۋانىي ئىستەك قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ چۈشىنىش كېرەك. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ « تاڭ سۇلالىسى قانۇنى »، « چىڭ سۇلالىسى قانۇنى » دا شەھۋانىي پارىخورلۇق ئۇقۇمى بولغان ئىكەن. 1915 - يىلى ياپونىيىنىڭ بىر سوت مەھكىمىسى يات جىنسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ئالاقىمۇ پارىخورلۇقتا يەتمەكچى بولغان مەقسەتتىكى ۋاسىتىگە ئايلىنالىشى مۇمكىن، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شەھۋانىي پارىخورلۇقنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە تەتبىقلىنىشىغا ئاساس سالغان. ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنلىرىدىمۇ « مال - مۈلۈكتىن خالىي بولغان جىنسىي مەنپەئەت » پارىخورلۇق جىنايىتىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق مۇراجىئەت قىلىشماقتا: « شەھۋانىي پارىخورلۇق» جىنايىتىگە دائىر قانۇن چىقىرىش خىزمىتىگە تېزدىن تۇتۇش قىلىش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا بىر قىسىم دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ « تۇرمۇش ئىستىلى » مەسىلىسى پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسىغىلا تارتىلىپ، قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلماي قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ئۇلارنى قانۇن تورىدىن قېچىپ كېتەلمەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق شەھۋانىي پارىخورلۇققا زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرغىلى ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

( « جوڭگو ياشلىرى گېزىتى » دىن قاھار ئوسمان تەرجىمىسى )

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# «شەھۋانىي پارىخورلۇق جىنايىتى» جىنايى ئىشلار قانۇنىغا قاچان كىرگۈزۈلىدۇ؟

دەي يوەنجى

مەلۇم ئۆلكىنىڭ رەھبىرى بىر ئايالنىڭ «شەھۋانىي پارا» سىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەزكۇر ئۆلكىنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىغا مەسئۇل بولۇپ تەيىنلىنىش شەرتىگە قوشۇلغان. بۇ ئايالنىڭ ئىنىسى ھەدىسىنىڭ ھېلىقى ئەمەلدار بىلەن قىلىشقان رەسۋاچىلىقلىرىنى سىنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، بۇ رەھبەرنى ئۆزىنىڭ ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ئۈچۈن يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىشكە كۆپ قېتىم مەجبۇر قىلغان.

بۇ، يېقىندا جياڭسۇ ئۆلكىسىدە چاقىرىلغان جىنايى ئىشلار قانۇنى مۇھاكىمە يىغىنىدا نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جىن ۋېيدۇڭ مۇھاكىمە يىغىنىغا سۇنغان ئىلمىي ماقالىدىكى بىر دېلو مىسالى. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھوقۇق ـ سەتەڭلەر سودىسىنىڭ ئەۋج ئېلىپ، شەھۋانىي پارىخورلۇق دېلولىرىنىڭ يىلمۇ ـ يىل كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىشقا باشلىغان. قانۇنسىز ئۇنسۇرلار بەس ـ بەستە سەتەڭلەردىن پايدىلىنىپ ھەتتا نۇرغۇن پۇلغا پاھىشە ياللاپ، ئالاقىدار دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە بىۋاسىتە شەھۋانىي پارا بېرىپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە ھارام مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ياكى ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ.

بۇ يىل 33 ياشقا كىرگەن جىن ۋېيدۇڭ جىنايى ئىشلار قانۇنشۇناسلىقى جەھەتتە ئىزدىنىۋاتقان دوكتور ئاسپىرانت، ئۇ مۇنداق دېدى: بەزى ئەھۋاللاردا، ماددىي پارا ئارقىلىق يەتكىلى بولمىغان مەقسەتكە شەھۋانىي پارا ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ. ئېزىقتۇرۇش كۈچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەھۋانىي پارىنىڭ ئىجتىمائىي زىيىنى ۋە سىجىللىقى بەزى چاغلاردا ھەتتا ماددىي پارىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ؛ شەھۋانىي پارا بەرگۈچى شەھۋانىي پارا ئارقىلىق ھارام مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، چىرىكلىكنى پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە ھوقۇق سۇيىستېمالىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى، دۆلەت مۈلكىنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇ مۇنداق دېدى: پارىخورلۇق جىنايىتى ھەققىدە ئېلىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا پارا ئېلىش، پارا بېرىش، پارا تونۇشتۇرۇشتەك 3 خىللا پارىخورلۇق شەكلى بەلگىلەنگەن. يەنە كېلىپ پارىخورلۇقنىڭ مەزمۇنى ماددىي نەرسىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. گەرچە، ئېلىمىز پارىخورلۇقنى جازالاش جەھەتتە ئۇنىڭ سۇبيېكت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن (ئەسلىدىكى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن تارتىپ دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھۆكۈمەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارغىچە، ئىدارە ـ ئورۇنلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىرىگىچە كېڭەيتكەن)، جىنايى ئىشلار جىنايىتى بويىچە جازالاش دەرىجىسىنىمۇ ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە پارىخورلۇقنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇن دائىرىسى ۋە شەھۋانىي پارىخورلۇققا ئوخشاش غەيرىي مال ـ مۈلۈك پارىخورلۇقى جىنايىتىنى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ھازىر بۇ ھەقتە ئېنىق يازما بەلگىلىمە بولمىغاچقا، شەھۋانىي پارىخورلۇق قانۇنلىرىمىزدىكى يوچۇقتا ۋە ئۆلۈك بۇلۇڭغا ئايلىنىپ قېلىپ، جەمئىيەتكە ئىنتايىن ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا زەربە بەرگىلى، بىۋاسىتە ئالاقىدار كىشىلەرنى جازالىغىلى بولمايۋاتىدۇ، بۇ ئېلىمىزنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش كۈرىشىگە ۋە پارىخورلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىشكە، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تولىمۇ پايدىسىز.

جىن ۋېيدۇڭ مۇنداق دەپ قارىدى، جىنايەت شەكىللەندۈرۈش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مەيلى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدىن بولسۇن ۋە (داۋامى 19 ـ بەتتە)

# «قاراپ چىقىش» ئاتالغۇسىنى كىم، قايسى ئورۇن ئىشلەتسە بولمايدۇ؟

ئۇبول مۇھەممەت

دۆلىتىمىز يولغا قويغان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ساپ جۇڭگوچە دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ تىپىك تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدۇر. بۇ «تەشكىلىي پرىنسىپ» ۋە «تەشكىلىي قۇرۇلما» قانداقتۇر مەۋھۇم، ئابستراكت ئاتالغۇ ئەمەس، بىر خىل ئات ئاتاش مەدەنىيىتى ئەمەس شۇنىڭدەك مەۋجۇتلۇقنى ئىپادىلەيدىغان ئىنكاس شەكلىمۇ ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ شەكىلگە ئىگە ئەمەلىي گەۋدە. كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان چىن، ھەقىقىي شەيئى، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ۋە يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان شۇ دەرىجىلىك ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىدۇر.

ئۇنىڭ «تەشكىلىي پرىنسىپى» نىڭ شەكلى «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى» دىن تەشكىللىنىشكە قارىتىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا: ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەشكىللىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ «تەشكىلىي قۇرۇلما» سى: قۇرۇلتاي يىغىنىدا يىغىن ھەيئەت رىياسەتىگە، دائىمىي رەئىسكە ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا قارىتىلغان. قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە دائىمىي كومىتېتقا، مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارغا، باش كاتىپقا، كومىتېت ئەزالىرىغا شۇنىڭدەك ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (ناھىيە دەرىجىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى تەسىس قىلغان ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلارغا قارىتىلغان. يۇقىرىقى 3 ئەمەلىي «تەشكىلىي قۇرۇلما» ئىچىدە ئالدىنقى 2 قۇرۇلما شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ۋە يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگاندۇر. ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلار بولسا شۇ دەرىجىلىك قۇرۇلتاينىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھەم مۇھىم مەمۇرىي مۇھاكىمە قاتلىمىدۇر. مەخسۇس كومىتېتلار قۇرۇلتاي يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى، مۇدىرلار يىغىنى ھوقۇق بەرگەن، ئىش تاپشۇرغان دائىرىدە قاراپ چىقىش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇلار «تەشكىلىي قانۇن» دا ئېنىق ماددىلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن.

«قاراپ چىقىش» خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشى ـ ئادا قىلىشىنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتى. ئۇلار «قاراپ چىقىش» ئارقىلىق قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقىنى، قوبۇل قىلىش ـ رەت قىلىشىنى، يولغا قويۇش ـ توختىتىشنى ياكى كېلەر قېتىملىق يىغىندا قاراپ چىقىشقا قالدۇرۇشنى مۇزاكىرە ـ مۇھاكىمە قىلىدۇ. كۆز قاراش، پىكىر، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قانۇنلۇق ـ تەرتىپلىك ھالدا ئېنىق، پاكىتلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئومۇمەن، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ. ئالدىن تەكشۈرگەن دېيىلگەن «بىرىنچى قول ماتېرىيال» غا ئاساسەن تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇلار «قاراپ چىقىش» نىڭ ئىچكى مەزمۇنى بولۇپ ئاخىرقى ھېسابتا قارار قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىنىدۇ.

قۇرۇلتاي يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى قاراپ چىقىدىغان ئىشلار شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى بولۇپ «كەڭ مەنىدىكى» قاراپ چىقىدىغان ئىشلار ۋە «تار مەنىدىكى» قاراپ چىقىدىغان ئىشلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

«كەڭ مەنىدىكى» قاراپ چىقىدىغان ئىشلار شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي رايوننىڭ، ئېنىق دېگەندە ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئەدلىيىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى، سىياسىي مۇقىملىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، جەمئىيەت ئامانلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ... قاتارلىق چوڭ ـ

چوڭ ئىشلاردۇر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا نىسبەتەن ئالغاندا: يەنە مەيدانى قەتئىي، بايرىقى روشەن، پوزىتسىيىسى ئېنىق ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش بايرىقى جەۋلان قىلدۇرۇلدۇ. ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە ئوبيېكتىپ، ئادىل باھا بېرىپ، نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىپ، مەمۇرىيەت، ئەدلىيە ئىشلىرىنى ياخشىلاپ «ئاساسىي قانۇن»، «تەشكىلىي قانۇن» يۈكلىگەن ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتلىرىنى كۆرۈنەرلىك، ئۈنۈملۈك ئادا قىلدى. بۇلار يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىدۇر.

«تار مەنىدىكى» قاراپ چىقىش ئەمەلىي، كونكرېت بولۇپ قۇرۇلتاي يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى «قارالما»غا كىرگۈزگەن ئىشلاردۇر. قۇرۇلتاي يىغىنىنىڭ «قارالما»لىرىنى شۇ دەرىجىلىك دائىمىي كومىتېت يىغىنى لايىھىلەپ يىغىن ھەيئەت رىياسىتى قوشۇلغاندىن كېيىن يىغىنىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇنۇلىدۇ. بارلىق ۋەكىللەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەندە كۈچكە ئىگە بولىدۇ ـ دە، «يىغىن قارالمىسى» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. تەستىقلانغان قارالمىلار بويىچە يىغىنغا دوكلات بەرگۈچىلەر ئالدى بىلەن «ۋەكىللەرنىڭ قاراپ چىقىشىنى سورايمەن» دەپ باشلايدۇ. بۇ، بىر خىل ئادەت مەسىلىسى بولماستىن بەلكى قانۇن ـ تەرتىپ مەسىلىسىدۇر. چۈنكى دوكلاتنىڭ ئۆزى دەسلەپكى لايىھە بولۇپ قاراپ چىقىش جەريانىدا ۋەكىللەر ئۇنى تۈزىتىدۇ، تولۇقلايدۇ، پىشۇرىدۇ. قول كۆتۈرۈپ ياكى ئېلېكترونلۇق ئۇسكۈنىدىن پايدىلىنىپ ماقۇللاپ قارار قىلىدۇ. «دوكلات»لار مۇشۇ ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي رايوننىڭ يولغا قويىدىغان يازما ماتېرىيالىغا ئايلىنىدۇ، ئارخىپتا ساقلىنىدۇ. يۇقىرىغا يوللىنىدۇ، ۋەكىللەرگە تارقىتىلىدۇ ھەمدە شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي رايوندا ئەڭ نوپۇزلۇق «سۈرۈشتۈرمە»گە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىكى بىرەر تۇر ياكى مەزمۇن كېمەيسە، ئاشۇرۇلسا ـ ئۆزگەرتىلسە قۇرۇلتاي يىغىنى، قۇرۇلتاي يىغىنى ھوقۇق بەرگەن دائىرىدە دائىمىي كومىتېت يىغىنى قاراپ چىقىپ قارار قىلىدۇ ياكى ماقۇللايدۇ.

قۇرۇلتاي يىغىنىنىڭ قارالمىلىرى ئاساسەن شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت باشلىقى بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛ شۇ دەرىجىلىكنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ پىلان ـ تەرەققىيات كومىتېتىنىڭ (ئىدارىسىنىڭ) باشلىقى بەرگەن بۇلتۇرقى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ھەم شۇ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى (لايىھە) توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛ شۇ دەرىجىلىكنىڭ بۇلتۇرقى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ھەم شۇ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى (لايىھە) نى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش؛ شۇ دەرىجىلىك مالىيە تارماقىنىڭ باشلىقى بەرگەن بۇلتۇرقى ئومۇمىي خام چوتنىڭ ئىجراسى ۋە شۇ يىللىق ئومۇمىي خام چوت لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش، شۇ دەرىجىلىكنىڭ بۇلتۇرقى ئومۇمىي خام چوتنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە شۇ دەرىجىلىكنىڭ شۇ يىللىق خام چوت لايىھىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش؛ شۇ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بەرگەن «دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات»نى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛ شۇ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بەرگەن «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات»نى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛ شۇ دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى بەرگەن: «خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلات»نى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛ قارالمىغا كىرگۈزۈلگەن باشقا ئىشلار جۈملىدىن سايلام ئىشلىرى قاتارلىق «قارالما»لار بولماقتا.

يۇقىرىقىلار خالىغانچە ھاسىل قىلىنغان قارالمىلار بولماستىن بەلكى «ئاساسىي قانۇن»، «تەشكىلىي قانۇن» ئاتا قىلغان شۇ مەمۇرىي رايوندا چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قاراپ چىقىش ھەققىدىكى ھوقۇق ـ مەجبۇر-

22

2001

يەتلەرنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغانلىق شۇنىڭدەك شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى « قىناق » قا سېلىشتىكى قانۇن ـ تەرتىپلىك تەدبىرلىرىدۇر.

شۇڭا، يۇقىرىقى تور ۋە مەزمۇنلاردا قۇرۇلتاي يىغىنىغا دوكلات بەرگۈچىلەر ئومۇمەن: « قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن » دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىدۇ. مۇشۇ ئاتالغۇدىن كېلىدىغان مەنتىقىلىق مەنىدە: دوكلات بەرگۈچىلەر ئۆزىنى قۇرۇلتاينىڭ نازارىتى ئاستىغا قويغانلىقىدۇر. ۋەكىللەرنىڭ تەنقىد، تەۋسىيە، پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنلىكىدۇر. قىسقىسى، ئىجرائىيە ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنى، سوت ئورگىنى، قۇرۇلتاينىڭ دائىمىي ئورگىنى ھاكىمىيەت ئورگىنى ئالدىدا جاۋابكار ئورۇندا تۇرغانلىقىدۇر. دوكلات بەرگۈچىلەر، ۋەكىللەر، مۇناسىۋەتلىك خادىملار ھەر ۋاقىت ئېسىدە مەھكەم ساقلىشىغا تېگىشلىك تەرتىپتۇر. تەرتىپ ( تۈزۈم ) ئىگىلەنمىسە يەنى قانۇن بولۇپ تۈزۈم بولمىسا، تۈزۈم بولۇپ بارالىق بولمىغاندەك مەنىسىز ئىش كېلىپ چىقىدۇ.

دائىمىي كومىتېتنىڭ يىغىن قارارلىرى ئۆزگىچە بولۇپ ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە. مۇدىرلار يىغىنى يىل بېشىدىلا مۇدىر مەسئۇللىقىدا شۇ يىللىق « دائىمىي كومىتېت ئورگىنىنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى » نى تۈزىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ قەرەللىك يىغىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان ( قارار قىلىنغاندىن كېيىن ) يازما شەكىلدە ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە، ۋەكىللەر ئالاقىلىشىش گۇرۇپپىلىرىغا، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئىش ئاپپاراتلىرىغا، ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىغا، ھەيئەت رىياسەتلىرىگە تارقىتىلىدۇ. تەڭ دەرىجىلىك پارتكومغا يوللىنىدۇ. بىر دەرىجە يۇقىرى خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتلىرىغا سۇنۇلىدۇ. نەتىجىدە، ئالاقىدار تەرەپلەر ۋاقىپلاندۇرۇلىدۇ. تەخىرسىزلىكى ئاشۇرۇلىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ شۇ يىللىق خىزمەت پىلانى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇلىدۇ. قايسى ئايدا دائىمىي كومىتېتنىڭ قانچىنچى قېتىملىق قەرەللىك يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقى، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە قايسى تور ۋە مەزمۇنلاردا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىشلەپ « بىرىنچى قول ماتېرىيال » تەييارلايدىغانلىقى، كىم ـ كىملەر ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتى بېرىدىغانلىقى ...قاتارلىق ھەممە ئىشلار ئېنىق بېكىتىلگەن بولىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالدا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ يىل بېشىدا تۈزۈلگەن، پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەن ، ئەمما دائىمىي كومىتېتنىڭ قەرەللىك يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈپ قاراپ چىقىش زۆرۈر بولۇپ قالغان مەسىلىلەر مۇدىرلار يىغىنىنىڭ بېكىتىشى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قاراپ چىقىلىدىغان قارالمىغا كىرگۈزۈلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ. بۇ، دائىمىي كومىتېت خىزمەتلىرىدىكى جانلىقلىق ۋە ئۈستۈنلۈكتۇر.

ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا دوكلات بېرىپ تەكلىپ سۇنغاندا جۈملىدىن خىزمەت ئۆتەش دوكلاتى بەرگەندە، ئۇلار بىردەك : « مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارنىڭ، ئەزالارنىڭ قاراپ چىقىشىنى سورايمەن » دەپ باشلايدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا قانۇن ـ تەرتىپلىك ئاتالغۇ بولۇپ بۇنىڭدا دوكلات بەرگۈچىلەرنىڭ دائىمىي كومىتېت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، ئۆزىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇشتەك مەنە بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن ھەر خىل دوكلات، جۈملىدىن تەكلىپ لايىھەلىرىنى، ھۆججەتلەرنى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ تەكشۈرۈپ چىقىشى، ئالاقىدار ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىقلاپ چۈشىنىشى قانۇن ـ تەرتىپ بويىچە يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈر ئالدىنقى شەرتىدۇر.

قىسقىسى، قۇرۇلتاي يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنى « قارالمىسى » غا كىرگۈزگەن ئىشلارغا قاراپ چىقىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان بولغاچقا، يىغىنغا دوكلات بەرگۈچىلەر، تەكلىپ سۇنغۇچىلار، ۋەزىپە ئۆتەش دوكلاتى بەرگۈچىلەر، دائىمىي كومىتېت تارمىقىدىكى ئىش ئاپپاراتلىرى، خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا پىكىر بايان قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى « قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن » دەپ سۆز باشلايدۇ ياكى باشلايدىغان ئوخشايدۇ، دەيدىغان خاتا

چۈشەنچىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر بار. بۇ، كۆپىنچە، خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە ساقلانماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى: ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەر ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايونلۇق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى تەسىس قىلغان مەخسۇس كومىتېتلارنى دوراشتىن بولۇۋاتىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، «تەشكىلىي قانۇن» دىكى بەلگىلىمىلەردىن قارىغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (ناھىيە دەرىجىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) خەلق قۇرۇلتايلىرى تەسىس قىلغان مەخسۇس كومىتېتلار ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. قۇرۇلتاي يىغىنى يىغىلمىغان مەزگىلدە شۇ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ نامزاتلىرىنى يىغىن ھەيئەت رىياسەتچىلىكى ۋەكىللەر ئىچىدىن كۆرسىتىدۇ، قۇرۇلتاي يىغىنى ماقۇللايدۇ. قۇرۇلتاي يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى ھوقۇق بەرگەن دائىرىدە تۈرلۈك قارالمىلارنى، تەكلىپلەرنى تەييارلايدۇ ھەمدە قۇرۇلتاي يىغىنىغا، دائىمىي كومىتېتنىڭ قەرەللىك يىغىنىغا سۇنىدۇ. سۇنغاندا «قاراپ چىقىشىڭىزلارنى سورايمەن» دەپ باشلايدۇ. بۇ، قانۇن ـ تەرتىپكە ئىگە ئىش بولۇپ «تەشكىلىي قانۇن» يۈكلىگەن ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتتۇر.

ناھىيە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى تەسىس قىلغان خىزمەت كومىتېتلىرى ئىش ئاپپاراتى بولۇپ ئۇنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر نامزاتلىرىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى مەمۇرلار ئىچىدىن كۆرسىتىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ قەرەللىك يىغىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە قالدۇرىدۇ. خىزمەت كومىتېتلىرى مۇدىرلار يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ، ئالاھىدە ئەھۋالدا دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سۇنغان تەكلىپلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرىدۇ. نەتىجىسىنى مۇدىرلار يىغىنىغا دوكلات قىلىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئىشلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يازما دوكلات ۋە تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇدىرلار يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ پايدىلىنىشىغا يەتكۈزىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ھەر قايسى خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ شۇ يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ دائىمىي كومىتېتنىڭ قەرەللىك يىغىنىدا ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىدىغان «قارالما» لارنى تەييارلاشتا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ شۇ يىللىق خىزمەت پىلانىدىكى تۈر، مەزمۇنلارغا ئاساسەن ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا سۇنىدىغان دوكلات تېزىسىنى تەييارلاشقا كىرىشكەن مەزگىلدە، مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، كەسىپ ئەھلىلىرى قاتناشقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خادىملىرىنى، تەكشۈرۈش دائىرىسى، ئورنى، ۋاقتى قاتارلىقلارنى لايىھىلەيدۇ، تەكشۈرۈش تېزىسى تۈزىدۇ، تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن خاتىرە قالدۇرىدۇ، تەكشۈرۈش ماتېرىيالى تەييارلايدۇ، مۇدىرلار يىغىنى خەۋەردار بولغاندىن كېيىن تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى ئىشلەپ پۈتتۈرىدۇ. مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا دوكلات، تەكلىپلەر مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقاندا ياندىن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر دوكلات ۋە تەكلىپنى قاراپ چىقىشتا ئالاقىدار خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكشۈرۈش ماتېرىيالى «پايدىلىنىش ماتېرىيالى» قىلىنىدۇ. خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى مۇشۇ تۈر ۋە مەزمۇندىكى تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئالاھىدە ئەھۋالدا پىكىر بايان قىلغاندا «قاراپ چىقىش» سۆزىنى ئىشلەتسە يەنى «قاراپ چىقىشىڭىزلارنى سورايمەن» دېسە بولمايدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى تەرتىپ چەكلىمىسى بار: ① خىزمەت كومىتېتىنى مۇدىرلار يىغىنى، ئالاھىدە ئەھۋالدا دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئىشقا بۇيرۇيدۇ. مۇدىرلار يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئۆزى بۇيرۇپ تەييارلاتقۇزغان بىرىنچى قول تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قاراپ چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە دائىمىي كومىتېتنىڭ

قەرەللىك يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر، مەزمۇنلارنى قاراپ چىقىشتا پايدىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەت كومىتېتلىرى ئۆز ئالدىغا تەكلىپ لايىھىسى ئىشلەپ مۇدىرلار يىغىنىغا، دائىمىي كومىتېتنىڭ قەرەللىك يىغىنىغا سۇنۇش ھوقۇقى يوق. شۇڭا قۇرۇلتاينىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرىنى دوراپ « قاراپ چىقىشىڭىزلارنى سورايمەن » دېسە قانۇن ـ تەرتىپكە خىلاپ قىلمىش كېلىپ چىقىدۇ. ② « تەشكىلىي قانۇن » نىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىنىڭ جۈملىدىن « خەلق قۇرۇلتىيىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەر » نىڭ روھىدىن قارىغاندا دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت كومىتېتلىرى ئىش ئاپپاراتى بولۇپ مۇدىرلار يىغىنىغا، دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا ساپ مۇلازىمەت قىلىدۇ. خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋەكىللەر ئىچىدىن تاللانمىغاچقا، قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھاكىمە قاتلىمى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى: كومىتېتنىڭ يىغىنىنى چاقىرىش، مۇدىرلار يىغىنى، ئالاھىدە ئەھۋالدا دائىمىي كومىتېت يىغىنى بۇيرىغان ئىشلارنى بېجىرىش، خىزمەت كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. دائىمىي كومىتېتنىڭ قەرەللىك يىغىنىغا كىرگۈزۈلگەن تۈر، مەزمۇنلارغا ئاساسەن، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تەييارلىغان مەخسۇس تېمىدىكى بىرىنچى قول تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى تەييارلاش ئۆز فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلغانلىق بولىدۇ، مۇدىرلار يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

بۇ تۈردىكى ماتېرىيالنى مۇدىرلار يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغاندا « قاراپ چىقىشىڭىزلارنى سورايمەن » دېسە قانۇن ـ تەرتىپتىن چەتنەش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ.

بۇنداق ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقماسلىقى، تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1. « ئاساسىي قانۇن »، « تەشكىلىي قانۇن »، ئالاقىدار قانۇن، نىزام، بەلگىلىمىلەرنى جۈملىدىن « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى » نى، « خەلق قۇرۇلتىيىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەر » نى ئەستايىدىل، چوڭقۇر ئۆگىنىشى كېرەك.

2. دائىمىي كومىتېتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق فۇنكسىيىسىگە ئۇيغۇنلىشىش لازىم. خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن دائىمىي كومىتېتنىڭ ھەر قايسى خىزمەت كومىتېتلىرىغا يېڭىدىن كەلگەن مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ئىلگىرى باشقا ئورگانلاردا ئىشلىگەچكە دائىمىي كومىتېتنىڭ، جۈملىدىن خىزمەت كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسىنى چۈشىنىشكە جەريان كېتىدۇ. يېڭىباشتىن ئۆگەنمەي، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئورنى، خاراكتېرى، خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇلازىمەت دائىرىسى، ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئىگىلىمەي بولمايدۇ. ئىلگىرى ئىشلىگەن ئورۇنلاردا تونۇلغان « مۇقام » لار دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدا، خىزمەت كومىتېتىدا « نوتا » غا، « قىناق » قا چۈشمەيدىغان ئىشلار بولىدۇ. خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى تۆۋەن بولسا ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نوپۇزىنى، ئابرويىنى تۆكۈۋېتىش خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. قانۇندىن ھالقىغان ئىشلارنى قىلماسلىق، قانۇندىن چەتنىگەن سۆزلەرنى قىلماسلىق ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېت ئورگىنىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشماي، خىزمەت كومىتېتىنىڭ ئىش ئاپپاراتى، مۇلازىمەتچىلىك خاراكتېرىنى چۈشەنمەي زادى بولمايدۇ.

3. خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئۆز ئارا سىر ساقلىماي بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن بىرلىرىنىڭ كەمتۈكلىرىنى تولۇقلىۋېلىش ئارزۇسىدا بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا قانۇن ـ تەرتىپتىن چەتنىمەي، سەۋەنلىكتىن ساقلىنىپ، ھاكىمىيەت ئورگىنى ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىش باش مەقسىتىنى ۋە نىشانىمىزنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنلىيالايمىز.

**( ئاپتور يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن )**

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

# خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش

جېڭ شياگۇاڭ

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك هوقۇقى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا دۆلەت هاكىمىيەت ئورگىنىغا بېرىلگەن مۇهىم بىر خىزمەت هوقۇقى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك هوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى بەرپا قىلىشتىكى مۇهىم مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نازارەت قىلىش مەلۇم شەكىل ۋە تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك كونكرېت نازارەت قىلىش تۈزۈملىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. پەقەت ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتالىساق، نازارەتچىلىك تۈزۈمىنىڭ رولىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

## ئاساسىي قانۇننى نازارەت قىلىش تۈزۈمى

ئاساسىي قانۇندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇننى ئىزاهلايدۇ، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ هەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىدەك كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان: « مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا زىت دەپ قارىغان گوۋۇيۈەننىڭ مەمۇرىي نىزاملىرى، قارار ۋە بۇيرۇقلىرى، گوۋۇيۈەننىڭ مىنىستىر، كومىتېتلىرى چىقارغان بۇيرۇق، كۆرسەتمە هەم قائىدىلىرى، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەهەرلىك خەلق هۆكۈمىتىنىڭ قارار، بۇيرۇق ۋە قائىدىلىرى ئۈستىدىن قاراپ چىقىپ، دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ » .

يولغا قويۇلۇش ئەهۋالىدىن قارىغاندا، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەنگە ئېلىش ئۈچۈن يوللانغان يەرلىك نىزام ۋە مەمۇرىي نىزاملارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىدى. بىراق، ئاساسىي قانۇننى نازارەت قىلىدىغان مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئاساسىي قانۇننى نازارەت قىلىش ئەمەلىيەتتە ياخشى ئېلىپ بېرىلمىدى.

( 1 ) ئاساسىي قانۇننى نازارەت قىلىش—مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ بولغان بارلىق قىلمىشلارنى تۈزىتىش ۋە جازالاشتا قوللىنىدىغان مەجبۇرلاش هەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش بىر خىل دۆلەت هەرىكىتى بولۇپ، بۇ دۆلەت ئورگانلىرى تۈزگەن قېلىپلاشقان هۆججەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ بولۇشى هەم دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەرنىڭ خىزمەت هەرىكىتىدىكى ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى ئالاهىدە كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي قانۇننى نازارەت قىلىشنىڭ مەزمۇنى ئاساسلىقى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قېلىپلاشقان هۆججەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان- بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ بولغان هەرىكەتلىرىنى تۈزىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

( 2 ) ئاساسىي قانۇننى نازارەت قىلىدىغان مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىش. نۇرغۇن يولداشلار ئاساسىي قانۇننى نازارەت قىلىدىغان مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىشنى، بۇ ئاپپاراتنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەهبەرلىكىدە ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ بولغان ئىشلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىنى، ئاساسىي قا-

نۇنغا خىلاپ بولغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەكلىپ شەكلى بىلەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار چىقىرىشىغا يوللاشنى تەۋسىيە قىلالىشىۋاتىدۇ. بۇ ئاپپارات تەسىس قىلىنسا دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ھەم ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ بولغان ئىشلارنى تەكشۈرۈشنى ئادەتتە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

( 3 ) ئاساسىي قانۇننى نازارەت قىلىش تەرتىپىنى تەسىس قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. دۆلىتىمىزدە ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش شەكلى ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولۇۋاتىدۇ. بىرىنچىسى، قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈش بولۇپ، بۇ ھەقتە قانۇن چىقىرىش قانۇنىدا بەزى بەلگىلىمىلەر تۈزۈلدى. ئىككىنچىسى، ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى دەپ قىلىنغان شىكايەتنى قوبۇل قىلىش بولۇپ، بۇ ھەقتە تېخى قانۇندا بەلگىلىمە يوق. ئاساسىي قانۇنغا خىلاپلىق قىلدى دەپ كىم ئۇستىدىن شىكايەت قىلىش ، بۇ شىكايەتنى كىمنىڭ قوبۇل قىلىشى ، بىر تەرەپ قىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

## قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى

كۆپ يىللاردىن بۇيان، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ، نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇنلارنى نازارەت قىلىشىدىكى بىر مۇھىم ئۇسۇل بولۇپ قالدى. نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاشقا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ:

( 1 ) قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتىكى سۇبيېكت خ ق دائىمىي كومىتېتى بولۇپ، مەخسۇس كومىتېتلارمۇ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى ئۆز ئالدىغا تەشكىللەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇننى نازارەت قىلىشىغا ماسلاشسا بولىدۇ. بەزى جايلاردا خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە بىلەن بىرلىشىپ ئېلىپ بېرىپ ، نازارەت قىلىنغۇچى سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدى. بۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى—قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار بولۇپ، ئاساسلىقى قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگاننىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىدۇ . ھۆكۈمەت ، ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇننى يولغا قويۇش جەريانىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

( 2 ) تەكشۈرۈشتە مۇھىم نۇقتا بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا، بەزى قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا مەسىلە بىر قەدەر كۆپرەك بولغانلىرىنى، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان « قىزىق نۇقتا » لارنى چۆرىدىگەن ھالدا تەكشۈرۈلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار بېكىتىلىشى كېرەك.

( 3 ) شەكىلۋازلىق قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا بېرىپ، تىرىشىپ بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىگىلەپ، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش جەريانىنى خەلق رايىنى سىناش، خەلق رايىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى قىلىش كېرەك.

( 4 ) قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىشنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈش ھەم قاراپ چىقىش ھوقۇقىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈش كېرەك. زۆرۈر بولغاندا سۈرۈشتۈرمە قويۇش ياكى ئالاقىدار قارار چىقىرىش كېرەك.

( 5 ) قاراپ چىقىپ قايتۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ھەم دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىش پىكىرىنى قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانغا دەرھال يوللاش كېرەك. ئالاقىدار ئورگان قانۇن ئىجراسىنى ياخشىلىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋالنى ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە دائىمىي كومىتېتقا قايتۇرۇپ يوللىشى كېرەك.

( 6 ) تەكشۈرۈش جەريانىدا ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپ بولغان زور دېلولار سېزىلسە، چوڭقۇر تەكشۈرۈشكە بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلىپ، تەكشۈ-

27

2001

روش نەتىجىسىگە ئاساسەن قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ.

(7) باشقا نازارەت قىلىش شەكىللىرى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، مەسىلەن، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش بىلەن قانۇن ئىجراسى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش بىلەن جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

## خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش تۈزۈمى

هۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ياكى مەخسۇس تېمىلار بويىچە دوكلاتلارنى ئاڭلاش ياكى قاراپ چىقىش دۆلەت هاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خىزمەت نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئاساسلىق شەكلى. بۇ تۈزۈمنى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتىن يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ۋە ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ:

(1) دائىمىي كومىتېت خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن تەرتىپ جەھەتتە بەزى كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈشى كېرەك. يەنى، دوكلاتنى ۋەكىللەرگە، كومىتېت ئەزالىرىغا يىغىن ۋاقتىدا تارقاتماي، بالدۇر تارقىتىپ بېرىشنى بەلگىلەش؛ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ يىغىندا دوكلات بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە يىغىنغا كېلىپ يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ پىكىر ئاڭلاش، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى بەلگىلەش؛ خىزمەت دوكلاتى تەستىقلانماي قالسا، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلارنىمۇ بەلگىلەش لازىم.

(2) خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقىش ـ قايتۇرۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، « يىغىندىلا تالاش ـ تارتىش قىلىپ قويۇپ، يىغىندىن كېيىن جىمىپ قالىدىغان » هالەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بەزى يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى مەخسۇس تېمىلار بويىچە دوكلات ئاڭلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا « قاراپ چىققانلىق پىكىرنامىسى » نى يوللاۋاتىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى خۇلاسىلەشكە ۋە كېڭەيتىشكە بولىدۇ. هازىر « قاراپ چىقىش پىكىرنامىسى » ياكى « قاراپ چىقىش پىكرى » دە تەلەپ بويىچە رەتلەنمەسلىك ، قالايمىقان يوللىنىش، تولۇق بىر تەرەپ قىلىنماسلىق مەسىلىلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەشكە، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە « قاراپ چىقىش پىكىرنامىسى » شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا، قانۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ

## پىلان، خام چوتنى قاراپ چىقىش ۋە تەستىقلاش تۈزۈمى

خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى هەم پىلاننىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقىش ۋە تەستىقلاش، دۆلەتنىڭ خام چوتى ۋە خام چوتنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقىش ۋە تەستىقلاش، خەلق قۇرۇلتىيى هەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ هۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان نازارەتچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. دۆلەت هاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ پىلان، خام چوت ئۈستىدىن ئېلىپ بارىدىغان نازارەتچىلىكى توغرىسىدا قانۇنلاردا بەزى ماددىلار بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بىراق يولغا قويۇش جەريانىدا مەسىلىلەر يەنىلا بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. ئۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ:

(1) ئالدىن ئەھۋال ئىگىلەپ، پىلان، خام چوتنىڭ تۈزۈلۈش خىزمىتى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش. (2) قۇرۇلتايدا يۈزەكى، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە نۇقتىلىق تەكشۈرۈشكە ئۆزگەرتىش هەم پىلان، خام چوتقا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشنى ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ. (3) پىلان، خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي نازارەتچىلىكنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش هەم مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئاساسلىقى پىلان، خام چوتنىڭ قىسمەن تەڭشىلىشى هەم ئۆزگەرتىلىشىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاشنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش؛ ئىقتىسادىي نازارەتچىلىككە ئەهمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش؛ تۈرلۈك دائىملىق نازارەت قىلىش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

## شىكايەت، ئەرز، پاش قىلىشنى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى

قانۇندا، پۇقرالار ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالماسلىق قىلمىشلىرى ئۈستىدىن مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا شىكايەت قىلىش، ئەرز قىلىش ياكى پاش قىلىش هوقۇقىغا ئىگە،

دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق قۇرۇلتىيى خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ھەم ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئۈستىدىن قىلغان دەۋا ياكى پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرى بىر تەرەپ قىلغان زور، تىپىك دېلولار توغرىسىدىكى شىكايەت، ئەرز، پاش قىلىشنى قوبۇل قىلىش ئادەتتە ئايرىم دېلولار ئۈستىدىن نازارەت قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

بىرىنچى، خىزمەت ھوقۇقىنى كوللېكتىپ يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى، مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇھىم كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. مەخسۇس كومىتېتلارمۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ماسلىشىپ نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىسە بولىدۇ. ئۇلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى تاپشۇرغان ئايرىم دېلولارنى بىر ياقلىق قىلىشتەك كونكرېت ئىشلارنى بېجىرسە بولىدۇ. بىراق، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يۈرگۈزىدىغان نازارەت قىلىپ بىر ياقلىق قىلىش ھوقۇقى ھەم قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئىشتىن كېيىن نازارەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەگەر تەرتىپتە ئېغىر دەرىجىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنسا، ئالايلۇق، دېلولار قەرەلىدىن بەك ئاشۇرۇۋېتىلىپ بىر تەرەپ قىلىنسا، قاماپ قويۇش ۋاقتى قەرەلىدىن ئاشۇرۇۋېتىلسە، خىزمەت ھوقۇقىدىن ھالقىپ دېلو بېجىرىلسە، ۋاقتىدا نازارەت قىلىنمىسا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىرى بولسا، خ ق دائىمىي كومىتېتى مەلۇم شەكىل بىلەن نازارەت قىلسا بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىشنىڭ دائىرىسى ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىش ھەم ئۇنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىپ بېرىش كېرەك.

## سوراش ۋە سۈرۈشتۈرمە قويۇش تۈزۈمى

« سوراش » خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى بولۇپ، بۇ سورالغۇچىغا نىسبەتەن ھېيدەكچىلىك قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان نازارەتچىلىك ھېسابلىنىدۇ. « سۈرۈشتۈرمە قويۇش » بولسا شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەرگە قارىتا سۈرۈشتۈرمە قويۇلىدۇ. بۇ سۈرۈشتۈرۈلگۈچىنىڭ نامۇۋاپىق ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇش خاراكتېرىگە ئىگە. قانۇندا بۇ ئىككى خىل نازارەت قىلىش ۋاسىتىسىگە نىسبەتەن تەرتىپ بەلگىلەنگەن.

## ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەسىس قىلىش توغرىسىدا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلغان. بىراق، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەش تەرتىپى مەسىلىسىدە ئاساسىي قانۇن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ۋە مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسىدە كونكرېت بەلگىلىمە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇش قولايسىز بولۇپ قالدى.

شۇڭا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىدىن پايدىلىنىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىللىگەن ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ تەرتىپىگە ئاساسەن، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنى مەزگىلىدە، دائىمىي كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى ياكى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى بەشتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەش توغرىسىدا تەكلىپ بەرسە، بۇنى كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارار قىلىشىغا سۇنسا بولىدۇ.

## ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش تۈزۈمى

« ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش » ياكى « ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش » خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە ئەڭ كەسكىن بولغان بىر تۈر.

1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان ئوبيېكتلار بەلگىلەنگەندىن باشقا، يەنە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ دەسلەپكى تەرتىپىمۇ بەلگىلەندى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىدە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپى قويغۇچى سۇبيېكت، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغۇچى ئوبيېكت ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ تەرتىپلىرى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىسمەن مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، مۇئاۋىن ھاكىم، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ۋە شۇ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىدىكى باشقا خادىملار، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى، سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سوت قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، سوتچى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، تەپتىش خادىمى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بىراق، ئېلىپ تاشلاشنىڭ تەرتىپلىرى توغرىسىدا بەلگىلىمە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە يولغا قويغىلى بولمىدى. يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەرتىپى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەرتىپىگە ئاساسەن، يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ تەرتىپلىرى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر تۈزۈلۈشى كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن پرىنسىپ ۋە روھقا ئاساسەن، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، دادىل ئىزدىنىپ، نازارەت قىلىش خىزمىتىدە ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى ياراتتى.

**خىزمەتنى باھالاش** بۇ ۋەكىللەرنى ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى باھالاشقا تەشكىللەشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىسقارتىلىپ خىزمەتنى باھالاش ياكى ۋەكىللەرنىڭ باھالىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاش** 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، بەزى جايلاردىكى خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن خىزمەتنى باھالاش ئاساسىدا دائىمىي كومىتېت ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلاشنى يولغا قويدى. بۇ ئۇسۇل ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

**تارماقلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەتنامىسى** خ ق دائىمىي كومىتېتى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنى ئۆزلىرى ئىجرا قىلىۋاتقان مۇھىم قانۇن، نىزاملارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى، شۇنداقلا بىر قاتار تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

**قانۇن جەھەتتىن نازارەت قىلىش نامىسى** بېرىش بۇ بەزى يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئەمەلىيەت جەريانىدا ياراتقان بىر قەدەر كەسكىن نازارەتچىلىك شەكلى. قانۇن جەھەتتىن نازارەت قىلىش نامىسى — خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى مەلۇم تەرتىپ بويىچە شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ھەم ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا بەرگەن مەلۇم قەرەل ئىچىدە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى تۈزىتىش توغرىسىدىكى بىر خىل قانۇنىي ھۆججەتنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نازارەتچىلىك شەكىللىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك قانۇنىنى تۈزگەندە يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت قىلىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

**(« خەلق گېزىتى » نىڭ 2001 - يىل 29 - ئاۋغۇست سانىدىن ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى)**

مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇرگۈل كېرەم

# نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتە تۆت ھالقىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك

جاڭ گوچاڭ

ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىگە قارىتا قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇش ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىغا بەرگەن بىر مۇھىم خىزمەت ھوقۇقى. نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى قانداق قىلىپ ياخشى يۈرگۈزۈش، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئالدىغا قويۇلغان بىر مۇھىم مەسىلە. نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتە تېما تاللاش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، قاراپ چىقىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تۆت ھالقىنى ياخشى تۇتۇش لازىم.

1 . كۆڭۈل قويۇپ قارالما تاللاپ، نازارەتچىلىكنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى بىر خىل ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، يۇقىرى قاتلاملىق نازارەتچىلىك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن نازارەتچىلىكنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، دائىمىي كومىتېت قارالمىلارنى قاراپ چىقىش، باھالاش ئوبيېكتى ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش قاتارلىق نازارەتچىلىك مەزمۇنلىرىنى بېكىتكەن ۋاقىتتا، «چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قاراپ چىقىش، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، «ئۈچنى چۆرىدەش» نى يەنى: بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە پارتىيىنىڭ مۇددىئاسىنى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشتا كاپالەتلىك قىلىشنى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا بەلگىلەش؛ ئىككىنچىدىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ زور، ئۇزاق مۇددەتلىك، توپ مەسىلىلىرىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا بەلگىلەش؛ ئۈچىنچىدىن، خەلقنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خەلق ئاممىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەمدە ئىنكاس كۈچلۈك بولۇۋاتقان قىززىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا بەلگىلەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋاقىتتا، ئايدا بىر قېتىم قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ھەر قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا 1 ـ 2 قارالمىنى قاراپ چىقىپ، نازارەتچىلىك مەزمۇنى بېكىتىلگەندە، ئۇنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شەكلىدە بېسىپ تارقىتىشى ھەمدە باشلامچى بولىدىغان ئورۇننى بېكىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

2 . چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نازارەتچىلىك ئاساسىنى ئىگىلەش كېرەك

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەش، قاراپ چىقىش، باھالاشنى تۇتۇش قاتارلىق تۈرلۈك نازارەتچىلىك شەكىللىرىنى قوللىنىش تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەھەتتە كېتىدىغان كۈچكە، سەرپ قىلىنىدىغان ۋاقىتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تۈرلۈك قارالمىلارنى

قاراپ چىقىش ۋە باھالاشنى قانات يايدۇرۇشتىن ئاۋۋال، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، كۆزدىن كەچۈرۈشكە ۋە تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىدىن بېرىلگەن مەلۇماتنى ئاڭلاش، نەق مەيداننى كۆرۈش، زىيارەت قىلىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ، خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، مەسىلە ۋە پەرقنى تېپىپ چىقىپ، پىكىر ۋە تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتىغا مەخسۇس تېمىدا كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ، توغرا تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك قىلىشنى ھەقىقىي، ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

**3. قانۇن بويىچە قاراپ چىقىش، نازارەتچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك**

يىغىندا قاراپ چىقىش ۋە باھالاش خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى مۇھىم ھالقا. قاراپ چىقىش، باھالاشنىڭ يېتەرلىك بولۇش-بولماسلىقى نازارەتچىلىك ئۈنۈمى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خ ق دائىمىي كومىتېتى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلغان مەسىلىلەرنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە قاراپ چىقىشقا يوللىغان قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى، قانۇن ئىجراسى ۋە خىزمەت ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتنى قاراپ چىققان، ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىدىن بەرگەن مەلۇماتنى باھالاشنى قانات يايدۇرغان ۋاقىتتا قەتئىي تۈردە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، قاراپ چىقىدىغان ئىشلار ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلەش ۋە نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇش كېرەك. ئالدى بىلەن، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنى ئالاقىدار خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىغىننىڭ باش تېمىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، يىغىندىن ئىلگىرىكى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ياكى ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ئۈستىدە كۆرگەنلىرىنى كەڭ-كۇشادە سۆزلەتكۈزۈش كېرەك. ئاندىن دېموكراتىيىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، توغرا پىكىرلەرنى توپلاپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ بىر تۇتاش قاراپ چىقىش، باھالاش پىكرىنى شەكىللەندۈرۈپ ياكى قارار چىقىرىپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە يوللاپ بېرىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قېتىم ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرگەن، قاراپ چىققان، باھالىغاندا، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە قارالمىغا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىپ، پىكىرلەرنى ئاڭلىشى، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشى، سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى كېرەك. ھەر قېتىم قاراپ چىققان ۋە باھالىغاندا، نەتىجىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا مۇئەييەنلەشتۈرۈش، كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەرنىڭ پاكىتى تولۇق بولۇش، ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەۋسىيىلەر يولغا قويۇشقا بولىدىغان بولۇش، چىقىرىلغان قارار دەل جايىدا بولۇشنى ئەستايىدىل ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. شۇندىلا نازارەتچىلىك خىزمىتى تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ ئەمەلىي بولىدۇ.

**4. ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك**

خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ھەقىقىي ئېرىشىش-ئېرىشەلمەسلىكى ئەڭ ئاخىرىدا قاراپ چىقىش، باھالاش، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىلغان قارار ھەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر، تەۋسىيەلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش-ئىزچىللاشتۇرۇلماسلىقىغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ تەكشۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ قارار، پىكىر، تەۋسىيىلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئىدارە باشلىقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. ھەر قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى قاراپ چىقىش، باھالاش ياكى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈشتىن كېيىن، دائىمىي كومىتېت چىقارغان قارارلارنى ۋە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەۋسىيەلەرنى ھۆججەت،

(داۋامى 35 - بەتتە)

# قانۇن بويىچە ئىش قىلىش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ يادروسى

ئابدۇقادىر كېرەم

9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئاساسىي قانۇنغا تولۇقلاپ كىرگۈزدى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي قانۇنغا تولۇقلاپ كىرگۈزۈلۈشى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ قانۇن جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلۈشى بىر تەرەپتىن، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ۋە تەدبىرىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇھىم قانۇنىي ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ بەردى. شۇڭا بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزدە ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مۇشۇ يېتەكچى ئىدىيىنى قورال قىلىپ ھەممە ئىشتا قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشقان يېڭى قانۇن، بەلگىلىمىلەر ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن قانۇنلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ھەر مىللەت كادىر، ئاممىسىنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشى ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئاڭلىقلىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن قانۇنچىلىق مۇكەممەللىشىپ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇنچىلىق رامكىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ قانۇننى ئىجرا قىلماسلىق، سۆزنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىش، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىق ھەتتا قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارمۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشتەك ئەھۋاللار ئېغىر ساقلاندى. بۇ خىل ئەھۋال ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يۇقىرىلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ۋە نوپۇزىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئەگەر بۇ مەسىلىگە ئېتىبار بېرىلمىسە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىناۋىتى ۋە نوپۇزىنى قوغدىغىلى بولمايلا قالماستىن بەلكى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كۆرەش نىشانىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

1. پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى باشلامچىلىق بىلەن قانۇنغا رىئايە قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. ئاساسىي قانۇننىڭ 5 - ماددا 2 - تارمىقىدا ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن چەتنىگەن ھالدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ باش پروگراممىسىدىمۇ « پارتىيە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى شەرت » دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا پارتىيىنىڭ بارلىق تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا زىت كېلىپ قالماسلىقى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھۆججەت، قارار، يوليورۇقلىرى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت-

2001

لىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى ھەمدە ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردىكى ھۆججەتلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك، قايسى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى ۋە مەسئۇل كىشى بولسۇن، پىكرى قانۇن بىلەن بىردەك بولماي قالغاندا بىردەك قانۇنغا بويسۇنۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ پۇقرالار ئارىسىدىكى نوپۇزىنى تىكلىگىلى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مەسىلىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

2. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان قانۇن نازارەتچىلىكىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ توغرا ۋە ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. قانۇن نازارەتچىلىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، قانۇن كۈچى ئەڭ زور نازارەتچىلىك بولۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رولغا ئىگە. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە نىزاملارغا رىئايە قىلىشى، يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشىگە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بەرپا قىلىنىشىغا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغاندىلا، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە نىزاملارنىڭ ھەقىقىي ئىمزچىللىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

3. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن باشلاپ ھەر بىر دۆلەت پۇقراسى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى لازىم. ئاساسىي قانۇنغا رىئايە قىلىش ھەر بىر پۇقرانىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتى شۇنداقلا قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى، شۇڭا بۇ جەھەتتىكى تەشۋىق - تەربىيىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا مۇنۇلارنى ھەقىقىي تونۇتۇشىمىز لازىم. بىرىنچىدىن، قانۇنغا رىئايە قىلىش پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىغا، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشنىڭ ئېھتىياجى. خەلق ئاممىسى دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ قانۇنىنى تۈزگەن ئىكەن ئۇنىڭغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، قانۇنغا رىئايە قىلىش كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى. ئۈچىنچىدىن، قانۇنغا رىئايە قىلىش قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئېھتىياجى. پۇقرالار قانۇنغا رىئايە قىلغاندىلا ئاندىن ھەممە ئادەمنىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىدىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ئەگەر قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىنىدىكەن ئۇ ھالدا پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. تۆتىنچىدىن، قانۇنغا رىئايە قىلىش دۈشمەننى يېتىم قالدۇرۇش، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىشنىڭ ئېھتىياجى. ئەگەر جەمئىيەتتە قانۇنغا رىئايە قىلىش ئەھۋالى قانچىلىك ناچار بولسا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى شۇنچە ئەدەپ كېتىدۇ، ئەكسىچە كەڭ خەلق ئاممىسى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلغاندىلا جىنايەتچىلەر شۇنچە يېتىم قالىدۇ ۋە شۇنچە ئاسان پاش بولىدۇ - دە، دىكتاتۇرا ئورگانلىرى ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە ۋاقتىدا زەربە بېرەلەيدۇ. بەشىنچىدىن، قانۇنغا رىئايە قىلىش، ياخشى جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش، تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ساقلاش، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. كەڭ خەلق ئاممىسى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلغاندىلا قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

4. پۇقرالار ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇ-

لاشتۇرۇش خىزمىتىنى ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى شەكىللەندۈرۈپ قويماسلىق، ھەقىقىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، بۇ يۇقىرىلارنىڭ قانۇن، نىزاملارنى ئۆگىنىش ۋە بىلىش ئارقىلىق قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئىزچىل يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

5. قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى لازىم. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار قانۇنغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى، قانۇنغا، ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇشى، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سۈرۈشتۈرۈشى ۋە قانۇن بويىچە قەتئىي بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزى ۋە قۇدرىتىنى، قانۇننىڭ قەتئىيلىكى ۋە زورلاش خاراكتېرىنى ھەقىقىي نامايان قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى روھىي جەھەتتە تەربىيىگە ئىگە قىلىپ، قانۇننىڭ نوپۇزىغا ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىلار ئارىسىدا قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يارىتىش ھازىرقى دەۋرنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى. شۇڭا، پۈتۈن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىچىدە قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش كەيپىياتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرىدىغانلا بولساق، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلغىلى، ئاساسىي قانۇندا ۋە پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش كۆرەش نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

( ئاپتور: لوپ ناھىيە چارباغ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىسى )

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت

---

(بېشى 32 - بەتتە)

يىغىن ھۆججەتلىرى، خىزمەت خەۋەرلىرى قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا ئۇقتۇرۇشى، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر قايسى خىزمەت كومىتېتلىرى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىكلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. ئىككىنچى، بېجىرىش پىكرىنى يۈز تۇرانە تاپشۇرۇش كېرەك. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈشنى قانات يايدۇرغان ۋە ئاممىنىڭ ئەرز، پىكىرلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىدە ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ھەل قىلىش، ياخشىلاش پىكىرلىرىنى يۈز تۇرانە ئالماشتۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، ئىز قوغلاپ نازارەتچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش كېرەك. ئىشتىن بۇرۇنقى، ئىش جەريانىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى نازارەتچىلىك قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش نازارەتچىلىك خىزمىتىدە ئالدىنى ئېلىش، ئىلگىرى سۈرۈش، قوللاش رولىنى ئوينايدۇ.

( «يۈننەن خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 8 - سانىدىن تاھىر ماموت تەرجىمىسى )

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

2001

# ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى « زاڭ مال » لارمۇ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك

باھارگۈل زاھىر

« زاڭ مال » غا لۇغەتلەردە خىيانەت قىلغان، پارا ئېلىشتىن كەلگەن ياكى ئوغرىلاپ تاپقان مال ـ مۈلۈك دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ئەمەلىي تۇرمۇشتا، ئۇ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغان تۈر. لېكىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى « زاڭ مال » لارنىڭ ھازىرغىچە بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مىسالمۇ يوق. بىرەر خەۋەرمۇ ئۇچراتمىدۇق. بۇ « مال » ئوغرىلانغۇچىنىڭ سۈكۈت قىلىشىدىنمۇ ياكى قانۇننىڭ مۇشۇ مەسىلىگە كەلگەندە تەتبىقلانمايۋاتانلىقىدىنمۇ، بۇنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

گوۋۇيۈەن ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ھەممە شەھەر، بارلىق ماگىزىنلاردا « ساختا تاۋار بولماسلىق » ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇن جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئىقتىسادىي ئالاقە بارغانسېرى مۇھىم بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. مۇبادا ئىستېمالچىلار ئەنە شۇنداق ناچار، ساختا مالغا ئۇچراپ قېلىپ ئۇنى سېتىۋالغان بولسا، ھەر خىل قانۇنىي ۋاستە، يوللۇق ئۇسۇللار بىلەن ئۇ زىنىڭ زىيىنىنى تۆلىتىۋالدى.

لېكىن ساختا، ناچارماللارغا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ كىتاب ماگىزىنلىرىمىزدا سېتىلىۋاتقان ساختا، ناچار ماللارنى دېمەيرەك تۇرايلى، زاڭ ماللارمۇ ھېچقانداق قانۇنىي جازاغا تارتىلماي بازار تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىپ داۋاملىق سېتىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زور دەرىجىدە زىيان سالماقتا. خېلىدىن بۇيان گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ماقالىلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئوغرىلاپ سۈنئىي ئىجادىيەت پەيدا قىلىۋاتقان ئەھۋاللارنى پاش قىلىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ماقالىلەر پەقەت ئوقۇپ قويۇلۇۋاتىدۇ، زاڭ ماللار كىتاب ماگىزىنلىرىدا يەنىلا سېتىلىۋاتىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رومان قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغان بۈگۈنكى كۈندە، بەزى كىشىلەر خۇددى بىرسى بېشىغا قىلىچ تەڭلەپ تۇرۇپ رومان يازغۇزغاندەك، ناچار، ساختا مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىپ، رومان ئىجادىيىتىنىڭ سۈپىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى.

بەزى يازغۇچىلىرىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قىممىتىنىڭ ژانىر ۋە سان بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىسىمۇ ( بەلكىم چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن )، تۇرمۇش چىنلىقى ۋە ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان ھېسسىياتلارنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشى لازىملىقى، ئىجادىيەتتە مەلۇم پەللىگە يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكى بىلەن كارى بولماستىن، ھېچ تەپتارتماستىن باشقىلار ئاللىبۇرۇن يورۇتۇپ بولغان تېمىلارنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقىرىپ ئوغرىلىق قىلىۋاتىدۇ. بەزىلىرى پىكىر، تەسەۋۋۇر ئوغرىلىسا، بەزىلىرى باياناتلاردىن قۇرمۇ قۇر كۆچۈرۈپ، ھەتتا پېرسوناژلار ۋە مۇھىت تەسۋىرلىرىنى ئەينەن ئوغرىلاپ، ئىجادىيەتتە زاڭ ماللارنى بازارغا سېلىپ، كۆز بوياmچىلىق قىلىپ كىتابخانلارنى ئالداۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇنچىلىك ئەقىللىق، باشقىلارنى شۇنچە كالۋا چاغلىسا كېرەك.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھەممىگە قادىر، بىلىم سەۋىيىدە كامالەتكە يەتكەن، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئەتراپلىق باھا بېرەلەيدىغان ئالىم، تەنقىدچى ئاتالغان كىتاب تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرمۇ، تەكشۈرىدىغاننى تەكشۈرمەي، پەقەت كىتاب مەزمۇنى قېپىيالىڭاچ ئاساسىي تېمىدىن چەتنەپ كەتمىسىلا بولىدۇ، دېگەننى

تەكىتلەپ، كىتاب بازارلىرىنىڭ قالايمىقانلىشىشىغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھال يازغۇچى بولۇپ نام چىقىرىشقا ئالدىرايدىغان بەزى كىشىلەردە «باشقىلارنىڭكىدىن كۆچۈرۈپ يازسىمۇ، ئوغرىلاپ يازسىمۇ بولۇۋېرىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە باشقىلارنىڭ ئوغرىلىقىنى بىلىۋالالايدىغان كىتابخانلارمۇ بار، ئۇلار ساختا يازغۇچىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنچىلىك دۆت ئەمەس، ساختا يازغۇچىلار ئوغرىلىغانلىرىنى يېزىۋاتىدۇ، مۇھەررىرلىرىمىز ئېلان قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك ئىدى. مەدەنىيەت بازارلىرى تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىتابخانىلاردا سېتىلىۋاتقان زاڭ، براك ماللار تېگىشلىك بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك ئىدى. بىزنىڭ كىتاب باھالىغۇچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ خەلق، مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى، بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى.

رومان ئىجادىيىتى ئەسلى جاپالىق ئەمگەك جەريانى بولۇپ، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ يازغۇچىدىن مول بىلىم قورۇلما، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچىلار ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە بولۇش، ئەدەبىي بىلىمگە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى، تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسەت، ئاسترونومىيە، لوگىكىلىق ئۇقۇملارنى تولۇق بىلگەن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدا ئۇ يازغان ئەسىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ھەر خىل قەلب دۇنيالىرىنى سۈرەتلەپ، دەۋرنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئىنتايىن جاپالىق ئەمگەك جەريانى بولۇپ، كۆكتاتچى دېھقاندەك باشقا ئېتىزنىڭ كۆكتات مايسىلىرىنى ئۆز ئېتىزىغا يۆتكەپ كۆچۈرسىلا بولىدىغان ئىش ئەمەس.

نەشرىياتچىلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا رومان يازسىلا ئېلان قىلدۇرغىلى بولىدىغان ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ئوغرى يازغۇچىلارنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ چوڭايتىپ، نەپسىنى يوغىنىتىۋەتتى. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قىسىم يازغۇچىلار ئەدەبىي ئىجادىيەتكە مەسئۇلىيەتسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن قارىدى. لېكىن شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، قىممەت قارىشى ئۆزگىرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان ئاپتورلىرىمىز يەنە بار، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ۋىجدان ئىشى دەپ قاراپ، نەچچە ئون يىللىق ھەتتا بىر ئۆمۈرلۈك ئىشنى ئويلىنىپ ئەسەر يازىدىغان، ئۆزى يازغانغا، ئۆزى دېگەنگە ئۆزلىرى مەسئۇل بولالايدىغان، ئەسىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ شادلىق ھەم قايغۇلىرىغا ئورتاق بولالايدىغان، مىللەتنىڭ كۈلكىسىگە كۈلۈپ، يىغىسىغا يىغلىيالايدىغان، ئىجادىيەتنى پۇل ئۈچۈن ئەمەس، ھەقىقەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئىجاد قىلىدىغان يازغۇچىلىرىمىز يەنىلا كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، خەلق ئۇلارنى سۆيىدۇ، ئۇلار ھەققىي ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن خەلق ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ كۆمۈلگەن كۈمۈش، ئالتۇنلاردەك خەلق قەلبىدە ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كېلىۋېرىدۇ. بۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى كۆچۈرمىچىلىك، ساختىلىق، كۆز بوياپچىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن روشەن سېلىشتۇرما. ئوغرىلىق ئەسلىدىنلا قانۇن ۋە ئەخلاق تەرىپىدىن قەتئىي كەچۈرۈلمەيدىغان جىنايەت. ئوغرىلاپ كۆچۈرۈۋېلىنغان ئاشۇنداق زاڭ ماللارنى ساقلىغانلارمۇ جىنايەتچى ھېسابلىنىپ قانۇن تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىپ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىشى كېرەك. بۇ يەردە بىز توختىلىۋاتقان بۇ مەسىلە بىۋاسىتە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا چېتىلىدىغان بولغاچقا، مەدەنىيەت بازارلىرى تەرتىپكە سېلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ تېگىشلىك بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك. ھەممە ئەنە شۇنداق ناچار، ساختا ھەتتا زاڭ ماللارنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتقان، ئەسەر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىدىكى ئالىملىرىمىز، نەشرىيات ئورۇنلىرىدىكى مۇھەررىرلىرىمىز ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئوبدان ئويلىنىپ بېقىشى لازىم. ئۇلار ئازراق تىرىشسىلا، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى سەل كۈچەيتسىلا، خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئويلىسىلا، بۇنداق ناچار، ساختا، زاڭ ماللارنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇر كىتاب بازارلىرىنىڭ ناچار، ساختا ماللار بولماسلىق ھالىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئىشىنىمەنكى، ھەقىقىي يازغۇچى ئۆلمەيدۇ، ئەسىرى بىلەن تەڭ نامى ياشايدۇ. ئوغرى يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئەسىرىدىن بۇرۇن، ئەسىرى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ.

## يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە مەدەنىيەت بازارلىرىغا بولغان نازارەتچىلىك كۈچەيتىلىپ، نورمال بازار ئىقتىسادىي تەرتىپى بارلىققا كەلدى

بۇ ناھىيە بۇ يىل 4-ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلغان بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپىنى تۈزەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشنى مەدەنىيەت بازارلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكتىن باشلاپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ج خ، سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، سۈپەت - تېخنىكا نازارەتچىلىكى، مائارىپ قاتارلىق تارماقلاردىن تەشكىللەنگەن مەخسۇس بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى قەرەللىك، قەرەلسىز ھالدا نۇقتىلىق بەلگىلەپ ئارىلاپ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ باشقۇرۇشنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كىنو - تىياترخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، سىنئالغۇ قويۇش سورۇنلىرى، ئۈن - سىن لېنتىلىرىنى ئىجارىگە بېرىش، كۆچۈرۈپ سېتىش سورۇنلىرى، كىتاب يايمىلىرى، كومپيۇتېر مۇلازىمەت سورۇنلىرى، نەشر بۇيۇملىرىنى سېتىش سورۇنلىرى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانا، بىليارتخانا، چوڭ - كىچىك رېستوران، ساتىراشخانا قاتارلىق سورۇنلارنى تەكشۈرۈپ، قانۇنسىز نەشر قىلىنغان 40 قاپ ئۈنئالغۇ لېنتىسى، 80 قاپ سىنئالغۇ لېنتىسى، 1500 قاپ VCD پلاستىنكىسى، ئوغرىلىقچە نەشر قىلىنغان خۇراپىي، شەھۋانىي مەزمۇندىكى 40 پارچە كىتاب قاتارلىقلارنى مۇسادىرە قىلدى ھەم كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغان 30 تىجارەت ئورنىنى ئېنىقلاپ چىقىپ تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرىدى.

بارات تۇردى

## توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «ئىككى نىزام» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى

توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ نەسىللىك چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يول قاتنىشىنى باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى.

دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىرى ئىككى كۈن بۇرۇن مەخسۇس ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بۇ ئىككى نىزامنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا ئەھۋال ئىگىلىدى. تۆۋەنگە بېرىپ ئىگىلىگەن ئەھۋال بىلەن دوكلاتتىكى مەزمۇنلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىنى تەپسىلىي يەكۈنلەپ ۋە سېلىشتۇرۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىككى نىزامنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، بەزى مەسىلىلەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈزەتمىسە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ، پىكىرلەرنى بەردى.

پەرھات بارات

# توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى

توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، رولى ۋە نوپۇزىنى كەڭ جامائەتچىلىككە تېخىمۇ تونۇتۇپ، كىشىلەرنىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتىغا بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۆۋەتتە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلغان ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۇنىڭدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلغان ھەر سانەدىكى ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ماقالىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بولسا ھەر بىر ماقالە ئۈچۈن 20 يۈەن، ۋىلايەت دەرىجىلىك گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بولسا ھەر بىر ماقالىسى ئۈچۈن 10 يۈەن قەلەم ھەققى بىلەن مۇكاپاتلاپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان يولداشلارنىڭ بولۇپمۇ يېڭىدىن ئاخبارات ـ تەشۋىقات سېپىگە قەدەم قويغان خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدىكى ياش كادىرلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ياخشى، خەۋەر ماقالىلارنى كۆپلەپ يېزىپ ئەۋەتىدىغان كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈردى.

پەرھات بارات

## بازارجەمى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ۋەكىللەرنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» دا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى

9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مەكىت ناھىيە بازارجەمى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 ـ ئىيۇل» دا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

بازارجەمى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ئالدى بىلەن ۋەكىللەرنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئاندىن ئۆگىنىشنىڭ پىلان، قەدەم باسقۇچلىرىنى بېكىتىپ چىقىپ، ئۆگىنىش ئۇسۇلى، يېتىدىغان مەقسەت توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئۆگىنىش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش، تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ تەسىرات، چۈشەنچىلىرىنى سۆزلەش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللاندى. ۋەكىللەر مۇنداق دەپ قارىدى: باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى ۋە «1 ـ ئىيۇل» دىكى مۇھىم سۆزى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال. شۇڭا بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يۇقىرىقى ئىككى «سۆزى» نى ياخشى ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كەڭ ئاممىنى «سۆز» نىڭ روھىدىن خەۋەردار قىلىشىمىز لازىم.

ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 47 ۋەكىلى قاتناشقان بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ئاخىرىدا، ۋەكىللەر ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە، يېزا ۋە بىر قىسىم پونكىتلارغا قارىتا 44 تۈرلۈك پىكىر، تەكلىپ بەردى.

روزىجان سايىت

## بەشئېرىق بازىرىدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نازارەتچىلىك رولىنى پائال جارىي قىلدۇردى

ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازارلىق پارتكوم، خ ق ھەيئەت رىياسەتى ناھىيە، بازار دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « 3 كە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ جانىدىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش باش مەقسىتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئارقىلىق ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئامىمىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خەلقنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىدەك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا يۇقىرى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە، بۇ بازاردىكى 24 نەپەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋە 64 نەپەر بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ تەشكىللىشى، يېتەكلىشى ئارقىلىق بازارلىق تۇك باشقۇرۇش پونكىتى ۋە سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ خىزمىتىنى باھالىدى. باھالاش داۋامىدا ۋەكىللەر « 3 كە ۋەكىللىك قىلىش » يۈكسەكلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇ ئىككى ئورۇننىڭ خىزمەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە قىسمەن ساقلانغان كەسپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەنچىسىگە ئېرىشىش توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىر، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇردى.

**پەرھات مەسۇم**

## كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى يېقىندا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن خۇلاسە چىقىرىپ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان تۆت خ ق ھەيئەت رىياسەتى، بەش مۇنەۋۋەر خىزمەتچىنى تەقدىرلىدى. ئارش يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى قاتارلىق 4 ئورۇن ئىلغار كوللېكتىپ، مەتقۇربان روزى قاتارلىق 5 ئىلغار شەخس 730 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى. كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى يېڭى ئەسىردە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يەنىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى، ئىلغار شەخسلەرنىڭ شانشەرىپىنى قەدىرلەپ، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، ناھىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىغا چاقىرىق قىلدى.

**ئەمەتجان ھېيت**

## شايار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ئىئانە توپلاپ مەكتەپكە ياردەم بەردى

« 3 كە ۋەكىللىك قىلىش » ئۆگىنىشتەربىيە پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان پەيتتە، شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى ئىشچىخىزمەتچىلەر ۋە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىرلار « 3 كە ۋەكىللىك قىلىش » نى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن، « ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ئاساسى مائارىپ » دېگەننى كۆڭلىگە چىڭ پۈكۈپ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شايارنى گۈللەندۈرۈش يولىدا پائال ئىئانە توپلاپ مەكتەپكە ياردەم قولىنى سۇندى. ئۇلار « قىيىنچىلىق تارتساق كاراۋىتى چاغلىق، مەكتەپنى ۋە بالىلارنى قىيىنچىلىققا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، كېيىنكى ئەۋلاتلارنىڭ بەختىنى كۆزلىشىمىز كېرەك » دەپ، شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى كوللېكتىپ نامىدىن مىڭ يۈەن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرشەخسىي نامىدىن 2580 يۈەن ئىئانە قىلىپ، خەتەرلىك مەكتەپ ئۆيى ئىمارەتلەرنى يېڭىلاشقا ياردەم بەردى.

**خەۋەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:**
**تاھىر مامۇت**

40

2001

# لوپ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي ئورگىنىدىكىلەر باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگەندى

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ « ناھىيە مىقياسىدا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ، 1 ـ ئىيۇل ، دا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى » نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن ، ئورگان پارتىيە ياچېيكىسى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « 1 ـ ئىيۇل » دا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگەندى.

كۆپچىلىك بىردەك: باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « 1 ـ ئىيۇل » دا قىلغان مۇھىم سۆزى پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردە يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال بولدى ، شۇڭلاشقىلا ئورگىنىمىزنىڭ جۈملىدىن ناھىيىمىزنىڭ تۇرلۇك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى . بىز بۇندىن كېيىن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « 1 ـ ئىيۇل » دا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قىبلىنامە قىلىپ ھەر ساھە خىزمەتلىرىدە يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرىمىز دېيىشتى.

ئارزۇگۇل توختى

# قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇندىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى

« دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش » فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن بىلىم سەۋىيىسى ۋە قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشىنى تەدرىجىي يولغا قويۇش ئۈچۈن ، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 2 نەپەر قانۇن مۇتەخەسسىسىنى « جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي جازا قانۇنى » ، « جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى » ، « جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تۆلەم قانۇنى » ، « توختام قانۇنى » قاتارلىق 4 قانۇندىن لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى. لېكسىيە خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە تىلدا 2 ئورۇندا سۆزلەندى. بۇ قېتىمقى لېكسىيىگە ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە ـ ئورگان ، مەكتەپ ، كەسپىي كارخانا ئورۇنلاردىن مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىدىن يۇقىرى كادىرلاردىن 600 دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىپ لېكسىيە ئاڭلىدى. مۇتەخەسسىلەرنىڭ لېكسىيە سۆزلەش سەۋىيىسى يۇقىرى ، مەزمۇنى جانلىق ، ھەم نەزەرىيە ھەم ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىگەنلىكتىن ، يىغىن قاتناشچىلىرى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. لېكسىيىدىن كېيىن كادىرلار ئارىسىدا: « لېكسىيە ناھايىتى ياخشى ۋە مەنىلىك بولدى ، قانۇن جەھەتتە خېلى كۆپ بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالدۇق ، بۇرۇن ئايدىڭلاشتۇرالمىغان مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق ، مۇندىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق لېكسىيە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرسا ئىكەن » دېگەن غۇلغۇلا پەيدا بولۇپ ياخشى ئىنكاس قوزغالدى.

ئارمان قۇربان

## لوپ ناھىيىدە يېزا بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار تەربىيىلەندى

لوپ ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلار ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدە ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزا - بازارلىق تەشۋىقات بۆلۈمى، مەيدان، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 150 ئادەم قاتناشقان تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئېچىلغان بۇ بىر ھەپتىلىك كۇرستا - كۇرسانتلارغا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز » دىن سىستېمىلىق دەرس ئۆتۈلدى. كۇرس سۆز تېزىسى يېزىش، تەسىرات سۆزلەش، مۇزاكىرە قىلىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، كۇرسانتلار ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە داۋامىدىكى ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى.

مۇھەممەت مەخمۇت

## چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېڭى « نىكاھ قانۇنى » نى ئۆگىنىش، تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن چىرا ناھىيىلىك دائىمىي كومىتېتى يېڭى « نىكاھ قانۇنى » نى ئۆگىنىش - تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئىككى كۈن داۋام قىلغان ئۆگىنىش - تەربىيىلەش كۇرسىغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، ناھىيىنىڭ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىرى، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، تېپتىش مەھكىمىسىدىكى ئالاقىدار خادىملار، ھەر قايسى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ رەئىسلىرى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە كاتىپلىرى، يېزا ئاساسىي قاتلام خەلق سوتىنىڭ مەسئۇللىرى، يېزا - بازارلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىرى، خەلق ئىشلىرى كادىرلىرى، نىكاھ تىزىملىغۇچىلىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن 60 كىشى قاتناشتى.

ئۆگىنىش - تەربىيىلەش كۇرسىدا خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 - يىغىنىدا ماقۇللانغان يېڭى « نىكاھ قانۇنى » غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ زور ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئۆز تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى.

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى مەخسۇس تېمىدا تەييارلىق قىلىپ، « ئىلگىرىكى نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ۋە يېڭى نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا »، « نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى ھەم ئانا - بالىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدا »، « ئىلگىرىكى نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە يېڭى نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا » دېگەن تېمىلاردا لېكسىيە سۆزلىدى.

مەتقۇربان ھوشۇر

## ئۇنسۇ ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تۇنجى قېتىم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىللىق پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچ لايىھىسىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى

ئۇنسۇ ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 25 ـ يىغىنى تۇنجى قېتىم ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ « ئۇنسۇ ناھىيىسىنىڭ 2002 ـ يىللىق ، 2003 ـ يىللىق پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنى قاراپ چىقىشقا سۇنغانلىق توغرىسىدىكى تەكلىپ » نى قاراپ چىقتى، يىغىن 2002 ـ يىللىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچ پىلانىنىڭ 3941 ئادەم، 2003 ـ يىللىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچ پىلانىنىڭ 4053 ئادەم بولۇشىغا قوشۇلدى.

يىغىندا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ، تۆۋەن تۇغۇت سەۋىيىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى » نى تەشۋىق قىلىش ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى « 3 نى ئاساس قىلىش » فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، 2 ـ ۋە 3 ـ بالىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ ۋە قاتتىق كونترول قىلىپ، پىلاندىن سىرت ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ناھىيىمىزنىڭ نوپۇسىنى كونترول قىلىش پىلان نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى.

ئەخمەتجان ئىدرىس

## لوپ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ پىكىرلىرىنىڭ ۋاقتىدا ، توغرا بېجىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلماقتا

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، لوپ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەش بىلەن بىرگە ، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ، پىكىرلەرنىڭ ۋاقتىدا ، توغرا بېجىرىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلماقتا ، بۇ كومىتېت ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە بولغان نازارەتچىلىكنى ، بولۇپمۇ قانۇن ، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ ، قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى . ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ، تەۋسىيە ، تەنقىد پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل بېرىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتتى ۋە ئۇنى تەدرىجىي تۈزۈملەشتۈرۈش ، قېلىپلاشتۇرۇش ئىزىغا سالدى . ناھىيىلىك 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان 99 پارچە تەكلىپ ، تەنقىد پىكىرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرىلدى ۋە بېجىرىلدى ، بېجىرىلىش نىسبىتى 100% كە يەتتى . ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يەنە ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىنى كۈتۈۋېلىپ ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئالاقىدار تارماقلارغا يوللاپ بېرىپ ، ئەرزىيەتلەرنىڭ تولۇق ھەل قىلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى .

نۇر مۇھەممەت مەخمۇت

# يولداش ھەسەن قامىتباي ۋاپات بولدى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېزا ئىگىلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ھەسەن قامىتباي كېسەل بولۇپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 2001 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 0:45دە ئۈرۈمچىدە 61 يېشىدا ۋاپات بولدى.

يولداش ھەسەن قامىتباي 1940 ـ يىل 8 ـ ئايدا فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ داخۇاڭشەن گۇڭشېسىدا چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1958 ـ يىل 1 ـ ئايدا گۇچۇڭ ناھىيىسىدە خىزمەتكە قاتناشقان؛ 1959 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرگەن، گۇچۇڭ ناھىيە ۋۇماچاڭ گۇڭشېسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى سىياسەتنى ئەمەلىلەشتۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جىمسار ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جىمسار ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، دائىمىي ئەزاسى، مۇئاۋىن شۇجىسى قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قوشۇمچە نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان.

يولداش ھەسەن قامىتباي پارتىيىمىز ئۇزۇن يىل تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرى، ئۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ 1 ـ سەپىدە كۆپ يىل ئىشلىگەن، مول ئاساسىي قاتلام خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى.

يولداش ھەسەن قامىتباي پارتىيىگە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا چەكسىز سادىق ئىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى چەكسىز قىزغىن سۆيەتتى. ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ كەلگەنىدى. بىر قانچە قېتىملىق سىياسىي كۈرەشتە مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولۇپ، سىياسىي ۋە ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇپ كەلگەنىدى. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرغانىدى.

يولداش ھەسەن قامىتباينىڭ ھاياتى شەرەپلىك، كۈرەش بىلەن ئۆتكەن ھايات. بىز مۇشۇنداق بىر ياخشى كادىرىمىزدىن ئايرىلغانلىقىمىزدىن چوڭقۇر قايغۇرىمىز.

يولداش ھەسەن قامىتباي، خاتىرجەم يېتىڭ!

2001

44

# ئوقۇتقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىش كۈچى بولۇشى كېرەك

سادىق نىياز

ئوقۇتقۇچىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى—ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش ئەمەلىي ئاكتىپلىقى، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى— ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش ئەمەلىي پائالىيىتىمدە ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچراشقان، ئارىلاشقان ۋە يېقىنلاشقاندا ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىمى، ئەخلاق - پەزىلىتى، ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى، قىزىقىشى، ئارزۇ - ھەۋىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇش قابىلىيىتى، ئوقۇغۇچى ۋە ئۆز كەسپىگە بولغان مۇھەببىتى قاتارلىقلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىشى، چۈشىنىشى، قوبۇل قىلىشى، ئىندىلىشى قاتارلىق قىزىقىش ئىپادىلىرىگە قارىتا پەيدا بولغان بىر خىل ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىش كۈچىدىن ئىبارەت. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، دەرسكە قىزىقتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك قورالىدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئوقۇغۇچىلار جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى بولغان ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى قىزىقىپ ئەستايىدىل ئۆگىنىدۇ، تەربىيە ۋە نەسىھەتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ ۋە سەممىيلىك بىلەن چىن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلىپ ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئەستايىدىل ئورۇنلايدۇ. ئۇنداق ئوقۇتقۇچىنى چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئاڭلىق بويسۇنىدۇ ۋە چەكسىز ئىشىنىدۇ. جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى بولغان ئوقۇتقۇچىنىڭ بەرگەن بىلىم ۋە كۆرسەتمە، تەربىيىلىرىنىڭ چىنلىقىغا، توغرىلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ ھەم ئۇنداق ئوقۇتقۇچىنى ئۆزىگە ئۈلگە ۋە نەمۇنە دەپ قارايدۇ. جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى بولغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىدىن كۈتكەن تەلىپى ناھايىتى تېزلا ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆز ئېھتىياجىغا ئايلىنىدۇ، نەتىجىدە ئوقۇغۇچىدا ھەممە ئىشتا ئوقۇتقۇچىنى دوراش، ئوقۇتقۇچىدىن ئۆگىنىپ، ئوقۇتقۇچىدەك ئادەم بولۇش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. بۇنداق ئوقۇتقۇچىدا تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلاردا بىلىم ئىگىلەش، ئوقۇتقۇچىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىش تەشەببۇسكارلىقى كۈچلۈك بولىدۇ ۋە تەقدىرلىنىشى ھەم تەنقىدىي ئوقۇغۇچىدا زور خۇشاللىق، پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىش كۈچى قايسىلار؟

## 1. ئوبراز ئارقىلىق جەلپ قىلىش كۈچى

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوبرازى ئۇلارنىڭ چىرايى، كىيىنىشى، يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزى، تاشقى قىياپىتى جەھەتتىن ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇشتىكى سالاپىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ پۈتۈن تۇرقى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا جەلپ قىلىش كۈچىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئوقۇتقۇچى ئۆزىگە خاس ئوبرازى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلاردا يېقىنچە تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۆز ئوبرازىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ ئۆز ئوبرازىنى تىكلەيدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئوبرازى ئارقىلىق جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېقىنلىشىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش ھەرىكىتىنى ئاستىرتتىن دورايدۇ. مانا بۇلار ئوقۇتقۇچىنىڭ كىتاب ئوقۇتۇپ ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىنى پۇختا ئېلىپ بېرىشىنىڭ پايدىلىق ئاساسىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

## 2. ھېسسىيات ئارقىلىق جەلپ قىلىش كۈچى

ئوقۇتقۇچى ئۆز كەسپىگە تولۇپ تاشقان قىزغىن ھېسسىياتتا بولغاندila، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى

45

2001

ئۆزگەرتىپ، تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۆز ھېسـ
ـسىياتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەقسەتسىز، تۇراقسىـز
ھېسسىياتلىرىنى تەڭشەپ، ساغلام بولمىغان رىتىمـ
ـسىز ھېسسىياتلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئوقۇتقۇچى ئۆ-
زىنىڭ ئالىيجاناپ ھېسسىياتى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا
كۆيۈنۈپ ئۇلارغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلسە، ئۇلارنى
ئاسراپ ئۆز مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئۇ ھالدا ئو-
قۇغۇچىلاردا ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن مايىللىق ۋە ھۆر-
مەتلەش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ھېسسىيات ئارقىلىق
جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىـ
لارنى قىزغىن سۆيىدۇ، كۆيۈنىدۇ ۋە غەمخورلۇق قىـ
لىدۇ، ئۇلارغا ئىشىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ غۇرۇرىغا
ھۆرمەت قىلىدۇ، دەرد-ھالىغا يېتىدۇ، سادىر قىلغان
خاتالىق-سەۋەنلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ. ھاقارەتلىمـ
ـەيدۇ، تەن جازاسى بەرمەيدۇ. ئۇنداق ئوقۇتقۇچىلار
ئاقكۆڭۈل، سەمىمىي بولۇپ، چىقىشقاق كېلىدۇ.
ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلىپ، ئىناق دوستلۇق مۇنا-
سىۋەتنى ئورنىتالايدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى روھىنى كۆ-
تۈرەڭگۈ، قەلبىنى ساپ، ھېسسىياتىنى توغرا،
ئىشەنچىنى مۇستەھكەم قىلىشى لازىم.

3. بىلىم ئارقىلىق جەلپ قىلىش كۈچى

ئوقۇتقۇچىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي بىلىمى چوڭ-
قۇر، دەرس ئۆتۈش قابىلىيىتى ياخشى بولسا ئوقۇغۇ-
چىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ۋە بويسۇندۇرۇپ ياخشى
ئوقۇتقۇچىلىق-ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى
تېزلا ئورنىتالايدۇ. بىلىم ئارقىلىق قايىل قىلىش
كۈچى ماھىيەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ چوڭقۇر بىلىمىنىڭ
ئوقۇغۇچىلاردا پەيدا قىلغان بويسۇنۇش ۋە ئەگىشىش
كۈچىدىن ئىبارەت. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى بىلىمى
ئارقىلىق جەلپ قىلالىسا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ
ئىقتىدارىغا قايىل بولىدۇ، ئوقۇتۇش قابىلىيىتىگە ۋە
ئەمگىكىگە مۇقەررەر ھۆرمەت قىلىدۇ، ئوقۇتقۇچى
سۆزلىگەن داۋلىلارغا ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇت-
قۇچى-ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ئىشىنىش،
چۈشىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئو-
قۇتقۇچى چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلالايدىغان،
ئوقۇغۇچىلاردىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئەمەلىي
ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى، شۇ ئىقتىدارى ئارقىلىق ئو-
قۇغۇچىلار ئىنتىلگەن، ئىزدەپ تاپالمىغان، چۈشىنىپ
يېتەلمىگەن مەسىلىلەرنى تەشنالىقى قانغۇدەك ھەل
قىلىپ بېرىشى، ئۆزىنىڭ قەلب دۇنياسىدىن ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا ئاققان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
قەلب دۇنياسىدىن ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئىنتىلگەن
بىر خىل قىزىقتۇرۇش باغلىنىشىنى شەكىللەندۈرۈشى
كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇ-
چىنى كۆپرەك ئىزدەيدىغان، قايىل بولغانسېرى شۇنچە
ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ.

4. قابىلىيەت ئارقىلىق جەلپ قىلىش كۈ-
چى

ئوقۇتقۇچىنىڭ قابىلىيەت ئارقىلىق جەلپ قىـ
لىش كۈچى ئوقۇتقۇچىنىڭ شەيئىلەرنى ئۆتكۈرلۈك
بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارى، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ما-
ھىرلىق بىلەن سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش
ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن كۈچلۈك چاقىرىق قىـ
لىش كۈچى، تىلى جەھەتتىكى ئوچۇق ئىپادىلەش ئىقـ
تىدارى، ئوقۇغۇچىلارنى قاتتىق تەشكىللەپ، ئۆلچەمـ
لىك باشقۇرۇش ئىقتىدارى، تەربىيىنىڭ نەتىجىسىنى
ماھىرلىق بىلەن مۆلچەرلەش ئىقتىدارى، ئوقۇتۇش ۋە
تەربىيىلەش جەھەتتە يۈز بەرگەن ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەرنى
ماھىرلىق ۋە پەم-پاراسەتلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش
ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇتقۇچى
يۇقىرىقىدەك ئىقتىدارلارغا ئىگە بولغاندىلا ئوقۇغۇچىـ
لارنىڭ يېڭى بىلىمگە ئىنتىلىش، ياراملىق كىشىـ
لەردىن بولۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىش ئېھتىياجىنى
قاندۇرالايدۇ. شۇ چاغدىلا ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىغا قايىل
بولۇپ ھەر ۋاقىت، ھەممە جايدا ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆر-
سەتمىسى ۋە تەلىپى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

5. ئەخلاق-پەزىلەت ئارقىلىق جەلپ قىـ
لىش كۈچى

بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى، غايە-
ئېتىقادى، ئىنتىلىشى، ئەخلاقى، ئارزۇ-ھەۋىسى،
كىشىلىك ئىززەت-ھۆرمىتى، ئوقۇتۇش ۋە خىزمەت
ئىستىلى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار
ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدىكى ھەر بىر
سۆز-ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى ئارقىلىق


2011

جەلپ قىلىش كۈچى ئۇلارنىڭ باشقىلارغا سەممىي، ئاقكۆڭۈل، ئادىل، سۆز - ھەرىكىتى بىردەك مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى ۋە يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ئادىل، شەخسىيەتسىز بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئالىيجاناپ غايە، توغرا ئېتىقاد، ئۇلۇغۋار ئىنتىلىش ئارقىلىق يېتەكلەپ، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلاردا يېقىملىق ھېسسىيات، چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى مەقسەتلىك ھالدا ئوقۇتقۇچىنى دوراش ھەتتا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەخلاق - پەزىلەت ئارقىلىق جەلپ قىلىش باشقىلارغا نىسبەتەن راست بىلەن يالغاننى، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ساختىلىقنى، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان، چاقىرىق قىلىش كۈچىنى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل ئالىيجاناپ كىشىلىك قەدىر - قىممەتنىڭ تاشقى جەھەتتىكى ئىپادىسى بولۇپ، بۇنداق پەزىلەتكە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار كۆپ سۆزلىمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ نورغۇن تەلەپلىرى ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن ئالقىشلاپ قوبۇل قىلىنغان بولىدۇ.

## 6. مۇھەببەت ئارقىلىق جەلپ قىلىش كۈچى

ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيۈش ئوقۇتقۇچى مۇھەببىتىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى مازىرلاشقا تېگىشلىك ئېسىل پىسخىك سۈپەت ۋە ئالىي كەسپىي ئەخلاق. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىغا بولغان مۇھەببىتى بىر خىل غايەت زور تەربىيىۋى كۈچ بولۇپ، ھەر قانداق ئوقۇغۇچى ئۆز ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىگە، سەممىي چۈشىنىشىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ناۋادا ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ سەممىي مۇھەببىتىگە، چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمىسە، ئۇ ھالدا ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ غورۇرى ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ ئىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، ئوقۇغۇچىلاردا بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى، ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى، ئەخلاق - پەزىلەت تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. نەتىجىدە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىدۇ.

## 7. كەيپىيات ئارقىلىق جەلپ قىلىش كۈچى

ئوقۇتقۇچىنىڭ كەيپىياتى ئوقۇتۇش قىياپىتى شۇنداقلا سۆز - ھەرىكىتى، روھىي - ھالىتى، تەقى - تۇرقى، يۈرۈش - تۇرۇشى، تەلەپپۇزى، ياسىنىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردا توغرا دۇنيا قاراش، ئىلمىي كىشىلىك تۇرمۇش قاراش تېخى تۇرغۇزۇلمىغان، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش، ئىجاد قىلىش ئاجىز بولغان، قىزىقىش، قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش، تەقلىد قىلىپ دوراش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ئەھۋالدا ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنگەن گۈزەل كەيپىيات ئۇلارغا توغرا، ئۆلچەملىك، ئالىيجاناب ۋە گۈزەل كۆرۈنىدۇ ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىدىيىسىدە ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئوقۇتقۇچىنى دوراش، ئوقۇتقۇچىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىگە سىڭدۈرۈش ئىدىيىسى تۇغۇلىدۇ.

## 8. ئۈلگە ئارقىلىق جەلپ قىلىش كۈچى

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى سۆزى ئارقىلىق قايىل قىلىپ، سۆزى ئارقىلىق تەربىيىلەيدۇ، ئوقۇتۇش ۋە تەربىيىلەش خىزمىتىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كىتابنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن ئوقۇتقۇچىدىن ئۆگىنىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىدىيىسى، ئەخلاق - پەزىلىتى، مەدەنىيەت ساپاسى، مىجەز - خۇلقى ۋە خاراكتېرى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى دەپ چۈشىنىدۇ ھەم ئۇنى دورايدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ھەر قانداق ۋاقىت، ئورۇندا، ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، يالغانچىلىقتىن قەتئىي ساقلىنىپ ئۆزىنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى تىكلىشى، ئۆز ئۈلگىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى پاكلاشتۇرۇپ، قەلبىدىكى جاراھەتلەرنى ساقايتىشى لازىم.

**( ئاپتور قاراقاش ناھىيە يېڭىيەر يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن )**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت**

# ئەمگەك تېخنىكا دەرسىنىڭ سايا مائارىپىدىكى رولى

رابىيە ئېلى

ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇ-رۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئوت-تۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەمگەك تېخنىكىسى دەرسىنى ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش، پار-تىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللا-شتۇرۇپ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، گۈللەن-دۈرۈش ۋە مائارىپ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى. شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك ھەم ئورتاق ئارزۇسى.

ئەمگەك تېخنىكىسى دەرسىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىگىلەش ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆس-تۈرۈپ، ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەپ، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئىختىساسلىق خادىم بولۇپ چىقىشتا، پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر قايسى مىللەتنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق روناق تاپقۇزۇشقا پايدىلىق. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز مىللىتىمىز بىلەن باشقىلار ئوتتۇ-رىسىدىكى پەرقنى تۈگىتىشكە پايدىلىق. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان ئەمگەك تېخنىكا دەرس-لىكلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى پەرقىگە ئاساسەن، پىلانلىق، ماس قەدەملىك ھالدا ئورۇنلاشتۇ-رۇلغان بولۇپ، بۇ پەننى بىلىمنى ئىگىلەش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلاردا كىچىكىدىن تارتىپلا ئەمگەكنىڭ دۇنيانى ياراتقانلىقىدەك قىل سىغماس ھەقىقەتكە بولغان چۈ-شەنچىسىنى، ئېتىقادىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى كىچىك-دىن تارتىپ ئەمگەكنى سۆيىدىغان ئېسىل پەزىلەتنى، ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنى، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىرادىسىنى، ۋەتەن خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش غايىسىنى يېتىلدۈرۈشكە ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

ئۈچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋر ئېقىمىنىڭ تەلىپىمۇ ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن تۆھپە يارىتالايدىغان، ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن، پىشقان بىلىم ئىگىلىرىگە مۇھتاج.

ئەمگەك تېخنىكا دەرسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە كۈچ بېرىدىغان تايانچ كۈچلىرىنىڭ زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى تېز ئىگىلەپ، خەلقنىڭ جىددىي ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا كەم بولسا بولماي-دىغان مۇھىم ھالقا. سايا مائارىپى يولغا قويۇلغان يې-قىنقى يىللاردىن بۇيان ئەمگەك تېخنىكا دەرسى ئوخ-شىمىغان شەكىل، ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئۆتۈلۈپ كەلدى. بۇنىڭ ئۈنۈمىنى تازا ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ياشاۋاتقان مۇشۇ ئىج-تىمائىي مۇھىت، تارىخىي شارائىت نۇقتىسىدىن قارى-غاندا، ئۇلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە تولۇق يېتىلگەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئاۋان-گارتلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش، ئەمگەكنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى، رولىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلار-نىڭ ئەۋلادلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇلار بەرپا قىلغان شانلىق مىراسلارنى قوغ-داش، ئاسراش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇش، تەرەققىي قىل-دۇرۇش، ئىجاد قىلدۇرۇش ئىدىيىسىنى تىكلەش ئۈنچە ئاسانغا توختايدىغان ئىش ئەمەس. ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك توغرىسىدىكى قىممەت قارىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مەسىلىسىدە كى-شىلەر ئوخشىمىغان ئالغ، ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا ئىگە. بۇلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكلەش، مۇستەقىل تۇرمۇش كۆز قارىشىنى تىكلەپ كىشىلىك دۇنيانى سۆيۈشكە، كىشىلىك دۇنيانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشقا، مىللەتنىڭ تە-رەققىياتى، مىللەتنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتنىڭ گۈل-

2001

48

لىنىشى ئۈچۈن تىرىشىشقا يېتەكلەش لازىم. مەيلى ئەقلىي ئەمگەك ياكى جىسمانىي ئەمگەك بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئوخشاشلا خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، دەۋر ئېھتىياجى ئۈچۈن كېرەكلىك، قىممەتلىك ئىكەنلىكى، ئوخشاشلا شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۈرۈش لازىم. ئۇلارغا 21 ـ ئەسىرنىڭ ئېلېكترون دۇنياسى ئىكەنلىكىنى، ھەممە پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىش، ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىگە ئىشىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭچە تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئورۇنداش لازىم.

مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىرى ئەمگەك تېخنىكىسى دەرسىگە بولغان تونۇشنى كۈچەيتىش، يېتەكچى ئىدىيىنى ئېنىق قىلىش، تەلىپىنى يۇقىرى قويۇش، تەدبىرلەرنى كۈچلۈك قىلىش كېرەك. بۇ دېگەنلىك ئەمگەك تېخنىكىسى دەرسىنى تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

ئەمگەك تېخنىكا دەرسىنى مۇنتىزىم بىر پەن سۈپىتىدە مۇھىم ھالغا قىلىش لازىم. يەنى ئوقۇتۇش مىتودى مول بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى دەرسكە سېلىش، ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىكى خىزمىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش، ئوقۇتۇش جەريانىدا مۇكەممەللەشتۈرۈش، تولۇقلاش، ئەمەلىي ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى جۈملىدىن ھەر قايسى يىللىقلار ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىكى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئەمگەك تېخنىكىسى ئوقۇشىنىڭ سىللىي مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈشتىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش، ئەمگەك تېخنىكىسى ئوقۇتۇشى جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيىنى توغرىلاش، ئەمگەك تېخنىكا دەرسىنى پۈتكۈل ئوقۇتۇش خىزمىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، دەرسنى پىلان بويىچە تولۇق ئۆتۈش كېرەك. ئەمگەك تېخنىكىسى ئوقۇتۇشى خىزمىتى بىر شەرەپلىك خىزمەت. بۇ دەرسنى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەر بىر ئوقۇتقۇچى پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، جان دىل بىلەن مىللەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشى، ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئوقۇتۇش كەسپىي سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى لازىم.

تەربىيىلەش خىزمىتىنى پىلانلىق ھالدا ياخشى ئىشلەش، كۆپ خىل شەكىلدىكى كۆرسىلاردىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش مىتودىنى يېڭىلاش، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىنى ئېچىش، قىزغىنلىقىنى قوزغاش، ئاكتىپلىقىنى ئۇرغۇتۇش لازىم. ئەمگەك تېخنىكىسى دەرسىنى ياخشى ئۆتۈش ئۈنۈمىگە ئېرىشىشتە ئېنىق تەربىيە مەقسىتى بولۇش لازىم. ھەر قايسى يىللىقلارنىڭ كونكرېت يېتىشتۈرۈش نىشانى بولۇش، سىستېمىلىق تەربىيە پىلانى بولۇش، مۇقىم تەشكىلىي شەكىل بولۇش، مول، خىلمۇ ـ خىل تەربىيە پائالىيەت قۇرۇلمىسى بولۇش لازىم. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ تەربىيىسى، ئائىلە تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ئەمگەك تېخنىكىسى دەرسىنى ئۈنۈملۈك، نەتىجىلىك ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئائىلە بىلەن جەمئىيەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىش، نەزەرىيىۋى بىلىمنى ئىگىلىتىشكە مەكتەپ، ئەمەلىيەتنى ئىگىلىتىشكە جەمئىيەت بىلەن ئائىلە مەسئۇل بولۇش كېرەك. ئەمگەك تېخنىكىسىنىڭ ئادەمنى جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ «ئادەم» بولۇپ يېتىشىپ چىقىشنى تونۇتىدىغان پەن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشى، ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرنىڭ تىكلىنىشى، ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيىلىنىشى، ئۈزلۈكسىز تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. شۇڭا ئەمگەك تېخنىكىسى دەرسىدە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇش بىلەن تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئەمگەك تېخنىكا دەرسى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئەمگەك بىلەن كاپىتالىستىك ئەمگەكنىڭ پەرقىنى چۈشەندۈرۈش، ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بىلىشنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسىنى بىلدۈرۈش لازىم.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىدا، كۆز قارىشىدا، مەيدانىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرگە ئەمگەك تېخنىكىسى دەرسى ئارقىلىق توغرا قىممەت قارىشى، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تىكلىشىگە ياردەم بېرىش لازىم.

49

2
0
0
1

# شىجائەتلىك ئايال شۇجى

—— مەملىكەت بويىچە «3 نى ئۆگىنىش، 3 تە بەسلىشىش ماھىرى» ، ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى» ئايشەم سامساق توغرىسىدا

ئەركىن پالتى

ئاقسۇ شەھىرىگە قاراشلىق توپلۇق يېزا مىرقەدەم
كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئايشەم سامساق
تىلغا ئېلىنسا بۇ يەردىكى كەڭ دېھقانلار ئۇنى بىردەك
چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن: «بىزنىڭ بې-
يىشىمىزغا يول كۆرسەتكەن چېۋەر باشلامچىمىز ...!»
دەپ قىزغىن ماختىشىدۇ.
بۇ يىل 47 ياشقا كىرگەن ئايشەم سامساق ئاقسۇ
شەھىرىدىكى 130 مەمۇرىي كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇ-
جىلىرى ئىچىدىكى بىردىنبىر ئايال شۇجى بولۇپ، ئۇ
1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مىرقەدەم كەنت پارتىيە ياچېيكى-
سىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن 14 يىلدىن بۇيان
ئەرلەرنى بېسىپ چۈشكۈدەك جاسارەت بىلەن راسا ئىش-
لەپ، كەنت قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنى بې-
يىتىشتا زور تۆھپە يارىتىپ تەشكىلىنىڭ ئىشەنچىسى،
ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ تونۇلۇپ شەرەپ
قۇچقان نەمۇنىچى، مۇنەۋۋەر كوممۇنىستقا ئايلاندى.
جەمئىي 864 نوپۇس، 4200 مو تېرىلغۇ يېرى بار
بۇ كەنت ئەسلىدە تولىمۇ نامرات بولۇپ، كەنت رەھ-
بەرلىك كوللېكتىپى ئىناق ئەمەس، ھەل قىلىدىغان
مەسىلىلەر كۆپ، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا
كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئاران 326 يۈەن بو-
لۇپ، ئەڭ نامرات ئائىلىدىن توپ ـ توغرا 62 سى بار
ئىدى. 1987 ـ يىلى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى قايتىدىن
تەرتىپكە سېلىنىپ، جاسارىتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇر-
غۇپ تۇرىدىغان 34 ياشلىق ئايشەم سامساق كەنت پارتىيە
ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئەڭ ئېغىر
ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى. ئۇ 5 نەپەر ياش ھەم ئىقت-
تىدارلىق كىشىنى تاللاپ كەنت كومىتېت رەھبەرلىك
بەنزىسىگە كىرگۈزۈپ ئەسلىدىكى پالەچ ھالغا چۈشۈپ
قالغان كەنت تەشكىلىنى قايتىدىن جانلاندۇردى شۇنداقلا
تۇرلۇك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ،
كەنتنىڭ قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى.
كەنت كادىرىنىڭ ھەر بىرىگە 2 دىن، ھەر بىر پارتىيە
ئەزاسىغا بىردىن نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇل-
دۇرۇشقا ھۆددىگە بېرىپ، ئۆزى باش بولۇپ ئۈنۈمىنى
ئەمەلدە كۆرسەتتى. كەنت كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزا-
لىرى ئارىسىدا سىياسىي ئۆگىنىشنى ئىزچىل كۈچەي-
تىپ، ياچېيكىنىڭ تەشكىلىي، ئىدىيىۋى ۋە ئىستىل
قۇرۇلۇشىنى قەدەممۇ قەدەم ياخشىلاپ، ياچېيكىنىڭ
جەڭگىۋار قورغانلىق، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنى-
لىك، باشلامچىلىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇردى.
ئۇ قورۇق گەپنى ئاز، ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك قىلىپ،
ھەمىشە دېھقانلارنى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي
ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا،
باغۋەنچىلىك، باقمىچىلىق ۋە باشقا خىلدىكى قوشۇمچە
ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كىرىمنى كۆپەيتىپ،
ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈش يولىغا يېتەكلە-
دى. كەنتنىڭ دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسىنى پائال تۈردە
مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئاشلىق، پاختا مەھسۇلاتىنىڭ يىلمۇ
يىل ئېشىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
دېھقانلارنى بېيىتىشنىڭ بىردىنبىر ئۈنۈملۈك يولى
بولغان ھويلا ئارام ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەق-
قىي قىلدۇردى. مۇشۇنداق بىر قابىل يولباشچىنىڭ
تۈرتكىسى ھەم يېتەكچىلىكىدە بىر نەچچە يىل ئىچىدە
بۇ كەنتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىشلەر بار-
لىققا كېلىپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۇن، ياغ تار-
تىش زاۋۇتلىرى، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى
رېمونتخانىسى قاتارلىق 6 كارخانا قۇرۇلۇپ كەنت كول-
لېكتىپ ئىقتىسادىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. ئايشەم
سامساق يەنە ئاممىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، ئېتىز ـ ئې-
رىق، سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ
بېرىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ،

50

2001

ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلىدى. 2000 ـ يىلغا كەلگەندە كەنت بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 2000 يۈەندىن ئېشىپ، 90%ئائىلە زامانغا لايىق خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئازادە، يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى ھەممە كەنت بويىچە ھەممە ئائىلىلەر ئۆلچەملىك، پاكىز تۇرۇبىا سۈيى ئىچىدىغان ھەم تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان ياخشى شارائىتقا ئىگە بولدى. 62 ئائىلە تېلېفون ئورناتتى. بىر نەچچە دېھقان «سانتانا» ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ سېتىۋالدى. ئۇنىڭدىن باشقا كەنت دېھقانلىرى يۈك ئاپتوموبىلىدىن 10 نى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن 3 نى، چوڭ ـ كىچىك تراكتوردىن 89 نى، ھەر خىل دېھقانچىلىق چاتما ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىدىن 100 نەچچىنى سېتىۋېلىپ دېھقانچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىش نىسبىتىنى 98%كە يەتكۈزدى. ئومۇمەن بۇ كەنت ئاھالىلىرى نامراتلىق قالپىقىنى يىراقلارغا چۆرۈپ تاشلاپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىپ باياشاتلىق تۇرمۇش ھوزۇرىدىن بەھرىمەن بولىدىغان بەختىيار دەۋرگە قەدەم قويدى.

ئايشەم ساماساق يەنە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مىر قەدەملىكلەرنىڭ ئالدىدىكى شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ بىر كومپارتىيە ئەزاسىلىق سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماي ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئاممىغا ئۈلگە بولدى. كەنتتىكى نامرات ھەم پالەچ بىر خەنزۇ دېھقان ئائىلىسىگە كۆپ قېتىم مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزگەندىن باشقا بۇ ئائىلىگە 6000 يۈەن قەرز بېرىپ تۇرۇپ، دېھقانچىلىق ۋە باشقا ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ياردەم قىلىپ 2 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ئۇ يەنە كەنتنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە باشقا جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىنىمۇ چىڭ تۇتۇپ، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن كەنت بويىچە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى ۋە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 100%كە يەتتى. ئايشەم ساماساق يەنە كەنت مالىيىسىدىن مەلۇم نىسبەتتە راسخوت ئاجرىتىپ، بۇ كەنتتىن ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ماڭغان ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا يىلدا 500 يۈەندىن، ئالىي تېخنىكومغا ئوقۇشقا ماڭغانلارغا 1500 يۈەندىن مۇكاپات بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ ئەمەلىي ئىجرا قىلدى.

نەتىجە جاپالىق ئەجىردىن كېلىدۇ. شان ـ شەرەپ ھەقىقىي ئىشچانلارغا مەنسۇپ بولۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلق مەيلى قايسى جايدا بولسۇن ئىشلىگەن ئەجىر، تۆھپە كۆرسەتكەن نەمۇنىچى ئەزىمەتلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

جىگەرلىك ئۇيغۇر قىزى، ئەلنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ئاددىي تۆھپىكار ئايشەم ساماساق مىرقەدەم خەلقىگە ياخشى باشلامچىلىق قىلىپ، دېھقانلارنى بېيىتىش يولىدا باسقان شانلىق مۇساپە، تۆككەن ھالال قان ـ تەرى بەدىلىگە ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە ئاقسۇ شەھىرى بويىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «ئىلغار خىزمەتچى»، «ئىلغار پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى»، «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، «8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى» ... دېگەندەك ناملارغا ئېرىشىپ كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. 1998 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «3 نى ئۆگىنىش، 3 تە بەسلىشىش پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئايال ماھىر» دېگەن نامغا ئېرىشتى. بۇ يىل پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىلايەت ھەم ئاپتونوم رايونلاردا ئېچىلغان تەقدىرلەش يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، «قوش مۇنەۋۋەر پارتىيە خىزمەتچىسى» بولۇپ تەقدىرلىنىپ شەرەپ مۇنبىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ دا 4 نۆۋەت ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 2 نۆۋەت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى جان ـ دىل بىلەن ئادا قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئايال تۆھپىكار ئاساسىي قاتلامدىكى جاپالىق خىزمەت ئورنىدا تېخىمۇ چوڭ زەپەر قۇچقۇسى.

**ئاپتور: ئاقسۇ شەھەرلىك 10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن**

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت

2001

# خىيانەت قىلىپ ئوغلىنى زەھەر بىلەن ئۆلتۈرگەن ئانا

سۇڭ جيەن    چاڭ ۋېيدۇڭ

بەتخباش، ئويۇن قېپى ئوغۇل تۇيا-تۇيماي زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالدى. ئانىسىنىڭ ئۇرۇپ-تىللاشلىرىمۇ، يىغلاپ-يالۋۇرۇشلىرىمۇ ئۇنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ كېلەلمىدى. ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئوغلىنى نەچچە قېتىملاپ تۇتۇپ قاماشلىرىدىن كەلگەن ئىزا-ئاھانەتلەر ۋە قايتا-قايتا تۆلەنگەن جەرىمانىنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمى دەستىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى قاتتىق ساقلاپ كەلگەن بىر ئايال تەپتارتماستىن خىزمەت ئورنىدىكى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ئومۇمنىڭ خەزىنىسىگە قول سالدى. بۇ يىل 6-ئاينىڭ 27-كۈنى، جېڭجۇ شەھىرى جوڭيۈەن رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋاڭ فېن ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.

## ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىقتىن تېرىلغان بالايى-ئاپەت

2000-يىلى 4-ئايدا، جېڭجۇ شەھىرى جوڭيۈەن رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بىر دېلونى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىۋاتقاندا، جېڭجۇ شەھىرىدىكى مەلۇم تەتقىقات ئورنىغا قاراشلىق قاتناش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئايال كاسسىرى ۋاڭ فېن ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغان گۇمانلىق شەخس دېگەن بىر يىپ ئۇچىنى ئېنىقلايدۇ. ئىككى ئايلىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن، كىشىنى چۆچۈتىدىغان مۇنداق بىر خەۋەر تارقىلىدۇ: ۋاڭ فېن ئۆز ئوغلىنى زەھەر بىلەن تەمىنلەش، ئوغلى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەش ۋە ئۆزىمۇ زەھەر چېكىش جەريانىدا قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدىلا ھۆكۈمەتنىڭ 452 مىڭ يۈەن پۇلىغا خىيانەت قىلغان.

ۋاڭ فېن ياشلىق چاغلىرىدا خىزمەتتە ئاكتىپ، ئۆگىنىشتە تىرىشچان بولۇپ، ئۆي-ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى نامرات بولسىمۇ، تۇرمۇشى تىنچ-كۆڭۈللۈك ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن، ۋاڭ فېنغا ھايات تولىمۇ شېرىن تۇيۇلغان، ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كەلگىنىدە ھامان شادلىق-بەختىيارلىق كەيپىياتىغا چۆمگەن. ئەمما، بۇ بەختلىك كۈنلەر ئۇزاققا بارمىغان. يۇرت ماكانىدىن ئايرىلىپ يىراق جايدا ياشاۋاتقان بۇ ئەر-خوتۇننىڭ بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىككى ئوغلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىغا توغرا كەلگەچكە، ئالدىراشلىقتىن ھېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ. ۋاڭ فېن ئېرى بىلەن قايتا-قايتا مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن چوڭ ئوغلىنى تيەنجىندىكى مومىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ۋاڭ فېننىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى يىغىپ خىزمەت قىلىشىغا ۋە كىچىك ئوغلىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇشىغا كۆپ ئاسانلىق تۇغۇلىدۇ. كىچىكىدىنلا زېرەك، شوخ ئۆسكەن كىچىك ئوغلى رېنمىڭ ئۆزىنىڭ تاتلىق گەپ-سۆزلىرى بىلەن ئانىسىنى بەكلا كۆيدۈرەتتى، ۋاڭ فېن ئۇنى كۆز قارچۇقىدەك ئەتىۋارلايتتى. رېنمىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆگىنىشتە تىرىشچان، ئەلاچى ئىدى، تېخى مەكتەپ پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغانىدى.

1992-يىلى 5-ئايدا، 43 ياشقا كىرگەن ۋاڭ فېن تەتقىقات ئورنى قارمىقىدىكى قاتناش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتىنىڭ كاسسىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ. خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقى ۋە ئوغلىغا بولغان زىيادە ئامراقلىق تۈپەيلى بۇ ئەر-خوتۇنلار ئوغلى رېنمىڭنى ئانچە قاتتىق باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ ۋە رېنمىڭنىڭ كەيپسىزلىكى، ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىگىمۇ ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ. ئويۇن-تاماشىغىلا بېرىلىپ كەتكەن رېنمىڭ بارا-بارا ئوقۇشتىن زېرىكىدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوقۇش بىر خىل ئېغىر يۈك بولۇپ تۇيۇلىدۇ ۋە سىنىپتا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلاشنى قانداقتۇر زۇلۇم ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، رېن-


2001

مىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 1 - يىللىق سىنىپىدا بىر مەۋسۇم ئوقۇپلا مەكتەپكە بارماس بولۇۋالىدۇ ۋە بىر قىسىم ساۋاقداشلىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان ئىشنى باھانە قىلىپ مەكتەپتىن چېكىنىدۇ. ئوقۇشتىن چېكىنگەن رېنمىڭ جەمئىيەتنىڭ رەڭگا - رەڭ تۇرمۇش قاينىمىغا كىرىپ قېلىپ ناھايىتى تېزلا ھەررەڭ - سەررەڭ ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ، «ئارزۇ - ھەۋەسلىرى بىر بولغان» ئەخلاقسىز ياشلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇۋالىدۇ.

ۋاڭ فېن كۈنبويى بىكارچىلىقتىن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرگەن ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپمۇ باقىدۇ. لېكىن رېنمىڭ ئاغزىدا تۈزۈلۈشكە ۋەدە بەرسىمۇ، ئانىسىدىن خۇپىيانە ھالدا ئۆزى بىلگەننى قىلىدۇ. ۋاڭ فېن بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ئاخىرى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ رېنمىڭنى تيەنجىندىكى مومىسىنىڭكىگە ئەۋەتىۋېتىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن رېنمىڭ يەنە جېڭجۇغا قايتىپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ بويى بىر مېتىر يەتمىش - سەكسەن سانتىمېتىر كېلىدىغان چوپ - چوڭلا يىگىت بولۇپ قالغانىدى. قىلىدىغانغا ئىش يوق، ئۆيدە بىكار تۇرۇشتىن ئىچى پۇشقان رېنمىڭ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە كونا ئاغىنىلىرى بىلەن تېپىشىۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسى زەھەر چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغانىكەن، مانا شۇ ئاغىنىلىرىنىڭ دەي - دەيگە سېلىپ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن، 1996 - يىلى ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن رېنمىڭ زەھەر چېكىدىغانلار توپىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

**جەرىمانە تۆلەش كويىدا ئومۇمنىڭ خەزىنىسىگە قارا قولىنى سېلىش**

1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، رېنمىڭ سىرلىق ھالدا «يوقاپ كېتىدۇ». ئەنسىرەشتىن تىت - تىت بولۇپ كەتكەن ۋاڭ فېن ئىزدەشكە تېگىشلىك جاينىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ئىزدەپمۇ دېرىكىنى ئالالمايدۇ. ئاخىرى ۋاڭ فېننىڭ ئېسىگە رېنمىڭنىڭ يېقىندىن تونۇشقان قىز دوستى شياۋلى كېلىدۇ - دە، بېرىپ ئۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرىدۇ. قىزدىن ئوغلىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى سوراپ بىلگەن ۋاڭ فېن شۇ ھامان ھوشىنى يوقىتىدۇ. ئاھ، خۇدا، نېمە كەلگۈلۈك بۇ! ئوغلىنىڭ زەھەر چېكىش گۇناھى بىلەن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىگە بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالغانلىقىغا ۋاڭ فېننىڭ پەقەت ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ۋاڭ فېن ئىسەيلەشكەن ھالدا جېڭجۇ شەھەرلىك زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئانىسىنى كۆرگەن رېنمىڭ يىغلاپ ئېيتىپ تۇرۇپ: «ئاپا، مەن زەھەر چەكمىدىم! ساقچىلار مېنى زەھەر ساتتىڭ، دەپ تۇتۇپ كەلدى، زەھەر چېكىش زەھەر ساتقانغا قارىغاندا يېنىك گۇناھ ھېسابلانغاچقا، مەن ئۇلارغا زەھەر چەكتىم، دەپ قويدۇم. مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن، مەن تېخى يېقىندىلا مۇھەببەتلىشىشتىم ئەمەسمۇ؟» دەپ يىلىنىدۇ. ج خ ئورگىنىدىكىلەر ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق رېنمىڭنىڭ يالغانچىلىقىغا رەددىيە بېرىپ، ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدۇ. غەزەپلەنگەن ۋاڭ فېن ئۆزىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈۋەتكەن بۇ يارىماس ئوغلىنى راسا بىر ئەدەپلەپ قويماقچى بولىدۇ - يۇ، بىراق يۇم - يۇم يىغلاۋاتقان ۋە قىلمىشىدىن پۇشايمان يەۋاتقاندەك كۆرۈنگەن ئوغلىغا قاراپ ھۆكۈرەپ يىغلىۋېتىدۇ. ئاندىن، ئۇ ئوغلىنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىغا پەسەنت قىلماي زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىچىدە «بۇ يارىماسنىڭ مۇشۇ يەردە قېلىپ تەربىيە - ساۋاق ئالغىنى تۈزۈك!» دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ئۇ ئىشخانىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇددى بىر نېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك ئارامسىزلىنىشقا باشلايدۇ ۋە مەجبۇرىيەت يوق، دەپ خىزمەت ئورنىدىن رۇخسەت سورايدۇ. ئۆيگە كېلىپ كارىۋىتىدا ياتا - ياتمايلا، ئوغلىنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇۋاتقان قىياپىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ زادىلا ئارام بەرمەيدۇ: «ئوغلۇمنى دەرھال قۇتقۇزۇپ چىقىشىم كېرەك، ئەگەر بۇ ئىش يېيىلىپ كەتسە، ئوغلۇمنىڭ ئۆمرى نابۇت بولۇپ كېتىدۇ!» شۇنىڭ بىلەن، ۋاڭ فېن دەرھال پۇل تۆلەپ ئوغلىنى ئەپچىقىۋالماقچى بولىدۇ. ئەمما، ئۆيدە بار پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئوغلى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن ئېلىپ خەجلەپ تۈگەتكەچكە، تەمتىرەپ قالغان ۋاڭ فېننىڭ خىيالىغا ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان شىركەت خەزىنىسى كېلىدۇ. 1999 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ۋاڭ فېن شىركەت خەزىنىسىدىن 3000 يۈەن پۇل ئېلىپ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئوغلىنى كېپىل بولۇپ ئېلىپ چىقىدۇ. لېكىن ئوغلى ئەركىنلىككە چىققاندىن كېيىن يامان ئادىتىنى تاشلىمايدۇ ۋە 1999 - يىلى 4 - ئايدا يەنە تۇتۇپ كېتىلىدۇ. ۋاڭ فېن يەنە

خەزىنىدىن 6000 يۈەن ئېلىپ رېنمىڭ ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيدۇ. تۇنجى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزگەندە ۋاڭ فېن خېلى ئۇزۇنغىچە قورقۇپ ئەنسىرەپ يۈرگەنىدى. لېكىن شىركەت رەھبەرلىكىمۇ، بوغالتىرمۇ بۇ ئىشنى سېزىۋالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ فېن ئىچىدە: خىيانەت قىلىش شۇنچىلىك ئوڭايلا بىر ئىش ئىكەنغۇ، دەپ ئويلاپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشىدۇ. ئەسلىدە شىركەت رەھبەرلىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىدىن ھەر ئايلىق بالانىس قىلىنغان پۇلنى ۋاڭ فېنىنىڭ ساقلاپ قويۇشىغا تاپشۇرغان بولۇپ، ۋاڭ فېن رەھبەرلىككە پەقەت بالانىس قىلىنغان پۇلنىڭ سانىنى مەلۇم قىلىپ قويسىلا بولاتتى. ۋاڭ فېن شىركەت رەھبەرلىكىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇشۇ ئىشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە كەينى - كەينىدىن قول سالىدۇ.

**قايغۇ - ھەسرەتتە قالغان ئانا زەھەرنى ئۆزى چېكىپ سىناپ كۆردى**

ئانىسى دېلو تۇغدۇرغاندىن كېيىن، رېنمىڭ پروكراتور سوراق قىلغاندا مۇنۇلارنى ئىقرار قىلىدۇ: رېنمىڭ داۋاملىق زەھەر چەككەچكە، جېڭجۇ شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ساقچىخانىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى تۇتۇپ سولىغان، جەرىمانە قويغان. جەرىمانە پۇلىنىڭ سانى كۆپ بولغاندا 7 ـ 8 مىڭ يۈەن، ئاز بولغاندا 3 ـ 4 مىڭ يۈەن بولغان. رېنمىڭ ھەر قېتىم تۇتۇپ سولانغاندا ۋاڭ فېنىنىڭ 12 سائەت ئىچىدە جەرىمانە تۆلەپ ئۇنى كېپىل بولۇپ ئېلىپ چىقىشىغا توغرا كەلگەن. 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋە 8 ـ كۈنى ئىككى كۈن ئىچىدىلا رېنمىڭ 4 قېتىم تۇتۇلغان. ۋاڭ فېنمۇ خەزىنىگە 4 قېتىم قول سېلىپ، 18 مىڭ يۈەن پۇلنى جەرىمانە تۆلەشكە ئىشلەتكەن. 1999 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدىلا ۋاڭ فېن شىركەت خەزىنىسىگە 30 نەچچە قېتىم قول سېلىپ، جەمئىي 310 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئوغلى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەشكە، زەھەر سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەن.

ئوغلىنىڭ زەھەر خۇمارى تۇتقان چاغدىكى پۈرۈشۈپ، قورۇلۇپ سەتلىشىپ كەتكەن چىرايىغا قارىغان ۋاڭ فېن، زەھەر دېگەن نىجىسقا ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. 1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ بىر كۈنلىرىدە ئۇشتۇمتۇت ۋاڭ فېنىنىڭ كاللىسىغا غەلىتە بىر خىيال كىرىۋالىدۇ: ئۇ زەھەرنى ئۆزى چېكىپ بېقىپ، ئاندىن چېكىشنى تاشلاپ، زەھەر تاشلاشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئوغلىنى قايىل قىلىپ زەھەر تاشلاتقۇزماقچى بولىدۇ. تۇنجى رەت چەككەندە، ئىس ئۆپكىسىگە كەتكەن ۋاڭ فېن يۆتىلىپ - قېقىلىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ تېنى يېنىكلەپ - يايراپ، گوياكى ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنى زادىلا ئوڭشىيالمايدۇ، زەھەر چەكمىگەن كۈنى ئۆزىنى تولىمۇ ھالسىز، روھسىز ھېس قىلىدۇ، ھېچقانداق ئىش خۇشياقماي، زەھەر خۇمارى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىدۇ، دەسلەپتە كۈنىگە بىر بولاق چەككەن بولسا، كېيىنچە كۈنىگە 2 ـ 3 بولاقتىن چېكىدىغان بولىدۇ. ھەر قېتىملىق زەھەر سېتىۋېلىشقا بىر نەچچە يۈز يۈەن خەجلىنىدۇ. ۋاڭ فېن زەھەر چېكىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر خەزىنىدىن 120 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئېلىپ ئىشلىتىۋالىدۇ.

**پاجىئەلىك ئاقىۋەت**

ۋاڭ فېننى ئەڭ قورقۇنچقا سالىدىغان ئىش يىل ئاخىرىدىكى مالىيە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىدى. چۈنكى بۇ خىزمەتكە بوغالتىرلىق كونتوراسى مەسئۇل بولۇپ، ئادەتتە بىر ھەپتە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئانا - بالا ئىككىسى زەھەر چېكىشكە باشلىغان 1999 ـ يىلى ۋاڭ فېن بىرەر چاتاقنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن خەۋپسىرەپلا يۈرىدۇ، بىراق ۋاڭ فېنىنىڭ ھېساب چىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن بولغانمۇ ۋە ياكى بوغالتىرلىق كونتوراسى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانمۇ، ئەيتاۋۇر شۇ يىللىق مالىيە ھېساباتىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇ ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىدۇ. 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان ۋاڭ فېن شىركەتنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن كاسسىرىغا نەق پۇل ۋە بانكا ھېساباتىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق پۈتىدۇ، ئۆزى باشقۇرغان خەزىنىنىڭ ھېساباتىنى ئۆتكۈزگەندىمۇ كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭ بولۇپ چىقىدۇ.

ۋاڭ فېن پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ زەھەر سېتىۋېلىشىغا پۇل بېرەلمەيدۇ. ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدىن مەھرۇم قالغان رېنمىڭ ئۆيىنىڭ

پۇلغا يارايدىغانلىكى بىساتىنى ئېلىپ چىقىپ ساتىدۇ، ھەتتا ئۆيدىكى بىردىنبىر مۇلۇك ھېسابلانغان رەڭلىك تېلېۋىزورنىمۇ ئوغرىلىقچە سېتىۋېتىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك بىرەر نەرسە قالمىغاندا، كونىراپ كەتكەن بىر چەينەكنىمۇ ئامان قويمايدۇ. 2000 - يىلى 5 - ئايدا، جېڭجۇ شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە قاراشلىق جىنشۈي ساقچىخانىسى رېھىمگىنى زەھەر چېكىۋاتقان يېرىدە قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە بۇ ئىش تېلېفون ئارقىلىق رېھىمگىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇقتۇرۇلىدۇ. بۇ قېتىم، ئاللىقاچان ئىقتىسادىي مەنبەدىن ئايرىلىپ قالغان ۋاڭ فېن ئوغلى ئۈچۈن ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدۇ ۋە بىر يىللىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ھۆكۈم قىلىنىپ خېنەن ئۆلكىلىك مەجبۇرىي زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان ئوغلىغا ھاڭۋېقىپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالىدۇ.

پېنسىيىگە چىقىپ تاكى پروكراتور ئۇنى ئىزدەپ بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلگەنگە قەدەر بولغان بىر يىل ۋاقىت ۋاڭ فېننىڭ ئۆز ئۆمرىدە ئەڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن مەزگىلى بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەزگىل ئىچىدە ۋاڭ فېن گويا باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك كۈنبويى ئويناپ - كۈلۈپ يۈرىدۇ. بىراق بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تاڭ سەھەردە، ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلغان زەربىسىدىن ۋاڭ فېننىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلىدۇ، پروكراتورنىڭ تۇۋلىشى ۋاڭ فېننى شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىتىدۇ. ئۇ جېڭجۇ شەھىرى جۇڭيۈەن رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرتىپ كېلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ زەھەر چېكىش مەسىلىسىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى ۋاڭ فېن ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، قىسقا مۇددەتلىك تىركىشىشتىن كېيىنلا، ۋاڭ فېن ئۆزىنىڭ 450 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغان قىلمىشىنى ئىقرار قىلىدۇ.

بۇ دېلو پاش بولغاندىن كېيىن، مەزكۇر شىركەت تەپتىش ئورگىنىغا ئۆز ئورنىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق بىر دەلىل - ئىسپاتنى چىقىرىپ بېرىدۇ: « ۋاڭ فېن شىركىتىمىزنىڭ كاسسىرلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن بۇيان، بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇشقا ۋە نەق پۇل باشقۇرۇشقا، بانكا ھېساباتىغا، مەبلەغ ھېساباتىغا ھەمدە مالىيىدە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تامغىنى ھەم ۋاكالەتچى تامغىسىنى تۇتۇشقا مەسئۇل بولۇپ كەلگەن. » مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مالىيە باشقۇرۇشتىكى قالايمىقانچىلىق، زۆرۈر بولغان نازارەتچىلىكنىڭ بولماسلىقى ۋاڭ فېننىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شىركەت 2000 - يىلى 4 - ئايلاردىلا ۋاڭ فېننىڭ ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقىدىن گۇمانلانغان بولسىمۇ، ئەمما قانۇن ئورگىنىغا ئۇنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلىدىغان ماتېرىيالنى ۋاقتىدا يوللاپ بەرمىگەن. مۇبادا تەپتىش ئورگىنى باشقا بىر دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا بۇ يىپ ئۇچىنى بايقاپ قالمىغان بولسا، بۇ دېلو قاچانلاردا بىر تەرەپ بولار ئىدىكىن، تاڭ!

ۋاڭ فېن ئوغلىنىڭ نامى ۋە ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە تەسىر يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ج خ ئورگانلىرىدىن كېپىل بولۇپ ئېلىپ چىقىشتا نۇرغۇن پۇلغا خىيانەت قىلىپ جەرىمانە ئۈچۈن تاپشۇرغان. لېكىن ئۇ ئوغلىنىڭ قەيەرلەردە قانداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقىنىنى سوراپ - سۈرۈشتۈرۈپمۇ قويمىغان، ئوغلىنىڭ يالغان - ياۋداق سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنى ئالداپ كەلگىنىنى تېخىمۇ بىلمىگەن. مۇبادا، رېھىمگىنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى بۇنداق ئايىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن بولسا، ۋىجدانى ئۇشتۇمتۇت ئويغىنىپ يامان يولدىن قايتىپ قالارمىدىكىن - تاڭ. ئوغلىغا مانا شۇنداق « ھاماقەتلەرچە كۆيۈنۈش » تۈپەيلى، ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى نامرات بولسىمۇ ھالال ياشاپ ئۆتكۈزگەن بىر ئايال ئاخىر كېلىپ جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان.

( « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى » نىڭ **2001** - يىل **24** - ئىيۇل سانىدىن **ھامۇت مامۇت** تەرجىمىسى )

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ زۇڭتۇڭنى نازارەت قىلىشى

—كلىنتوننى ئەيىبلەش دېلوسى ئۈستىدە ئويلىنىش

جويۇ، ياڭ جېن

1999 ـ يىلى 12 ـ فېۋرال ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ئايرىم ـ ئايرىم هالدا 45 ئاۋازنىڭ قوشۇلۇشى 55 ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە 50 كە قارشى 50 ئاۋاز بىلەن زۇڭتۇڭ كلىنتونغا قارىتىلغان ساختا ئىسپات كۆرسىتىش ۋە ئەدلىيىگە توسقۇنلۇق قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئەرزنى رەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 50 نەچچە مىليون دوللار سەرپ قىلىنغان، 14 ئايغا سوزۇلغان زۇڭتۇڭنى ئەيىبلەش دېلوسى ئاخىرلاشتى. كلىنتون گەرچە گۇناھسىز دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما پارلامېنتنىڭ زۇڭتۇڭغا نىسبەتەن سەل قاراشقا بولمايدىغان چەكلەش هوقۇقى بارلىقىنى كىشىلەرگە تونۇتتى.

پارلامېنتنىڭ ئەيىبلەش هوقۇقى 14 ـ ئەسىردە ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلگەن. ئەينى چاغدا ئەنگلىيىدە تېخى جاۋابكار ئىچكى كابىنېت تۈزۈمى شەكىللەنمىگەن بولۇپ، ئەدلىيە ئورگانلىرى مەمۇرىي ئورگاندىن ئايرىلمىغان. شۇڭا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان مەمۇرلارنى ئۈنۈملۈك جازالاش ئۈچۈن ئەيىبلەش تۈزۈمى بارلىققا كەلگەن. كېيىنچە ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرى بۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى چەكلەيدىغان كۈچلۈك ۋاستە قىلىۋېلىشقان. ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىدا مۇنداق دېيىلگەن: « ئاۋام پالاتاسى ئەيىبلەش هوقۇقىدىن مۇستەقىل بەهرىمەن بولىدۇ، كېڭەش پالاتاسى بارلىق ئەيىبلەش دېلولىرىنى قاراپ چىقىش هوقۇقىغا ئىگە »، زۇڭتۇڭ، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ۋە بارلىق مەمۇرلار دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش، خىيانەتچىلىك، باشقا ئېغىر جىنايەت ۋە ناتوغرا قىلمىشلار بىلەن ئەيىبلەنسە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ ». شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەيىبلەش تەرتىپى چوڭ جەھەتتىن مۇنداق بەلگىلەنگەن: « ئالدى بىلەن ئاۋام پالاتاسى ئەدلىيە كومىتېتىنى ئەيىبلەش زۆرۈرىيىتى بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ قارار قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ناۋادا زۆرۈر بولسا، ئەيىبلەش سەۋەبنامىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئاۋام پالاتاسىنىڭ بېلەت تاشلاپ قارار قىلىشىغا سۇنىدۇ، يېرىمىدىن كۆپ ئاۋازنىڭ قوللىشىغا ئېرىشسە كېڭەش پالاتاسىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئاندىن، ئەيىبلەش قارارنامىسى كېڭەش پالاتاسىغا سۇنۇلۇپ، تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىنىدۇ ۋە سوراق كوللېگىيىسى تەسىس قىلىنىپ قاراپ چىقىلىدۇ. فېدېراتسىيە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سودىيىسى سوتقا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. 100 كېڭەش پالاتاسى ئەزاسى سوتچى ۋە زاسېداتېل بولىدۇ، ئاۋام پالاتاسىنىڭ ۋاكالەتچىسى ئەيىبلىگۈچى، زۇڭتۇڭ جاۋابكار بولىدۇ. سوت ئاخىرلاشقاندا كېڭەش پالاتاسى قاراپ چىقىش نەتىجىسىنى ئاۋازغا قويىدۇ، ناۋادا كېڭەش پالاتا ئەزالىرىنىڭ 3/ 2 قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتسە زۇڭتۇڭ گۇناھكار بولىدۇ، بولمىسا گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلىدۇ ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىدا: « گۇناھكار دەپ ئەيىبلەنگەن زۇڭتۇڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە قوشما شتاتلار هۆكۈمىتىدە پەخرىي ۋەزىپە، ئىشەنچلىك ۋەزىپە ۋە يۇقىرى كىرىملىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش سالاهىيىتى ئېلىپ تاشلىنىشى كېرەك، هەمدە قانۇن بويىچە ئەيىبلەش، سوراق، هۆكۈم ۋە جازانى قوبۇل قىلىشى كې-

2001

رەك » دېيىلگەن. شۇڭا، ئەيىبلەش ئامېرىكا زۇڭتۇڭ- لىرىغا قارىتا زور جازا ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ زۇڭتۇڭلۇق ئاندرو جونسون جەنۇبىتىكى قۇل- دارلارغا پايدىلىق يول تۇتقانلىقتىن ئەيىبلەنگەن بولۇپ، ئاخىرى بىر ئاۋاز پەرقى بىلەن ئۆتۈپ چىققان. ئەمما زۇڭتۇڭلۇق ئابرويى يەر بىلەن يەكسان بولغان. 37 - نۆۋەتلىك ئامېرىكا زۇڭتۇڭى نىكسون « يورۇق بىنا سەتچىلىكى » تۈپەيلى ئەيىبلەنگىلى تاس قالغان، ئەمما ئۇ ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش گۇناھىدىن تې- نىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىستېپا سوراپ ئەيىبلەشتىن قۇتۇلۇپ قالغان.

ئالدىنقىلارغا سېلىشتۇرغاندا، كلىنتوننىڭ ئەھ- ۋالى ياخشىراق بولدى. چۈنكى خەلقنىڭ ئۇنى قوللاش نىسبىتى ۋە D. JONES كۆرسەتكۈچى يۇقىرى بولدى. ئەمما قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كلىنتون بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى تېڭىرقاش ۋە خاتىرجەمسىز- لىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى قا- چۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. ناۋادا كلىنتون ئەيىبلىنىپ تەختتىن چۈشتى دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟ ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇ زۇڭتۇڭلۇق ئورنىدىن ئايرىلىش بىلەن بىرگە 1958 - يىلدىكى بىر قانۇنغا ئاساسەن، ھەر يىلى بېرىلىدىغان 151800 دوللار پېنسىيە پۇلىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. باشقا تەمىناتلىرىمۇ ئازىيىدۇ. ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئۈچۈن شەخسىي قوغدىغۇچى يالالاپ بەرمەيدۇ. ئاندىن، ئەخلاق، ئابروي جەھەتتە ئۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەيىبلىنىپ تەختتىن چۈشكەن تۇنجى زۇڭتۇڭ بولۇپ، ئۆمۈر بويى يۇيۇۋېتەلمەيدىغان داغ بولۇپ قالىدۇ. گۇناھسىز دې- يىلگەن بىلەنمۇ ئوخشاشلا ئىشلىرىنىڭ ئەخلاق جەھەت- تىن ئەيىبلىنىشىگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ئامېرىكا بىرلەشمە ئاخبارات ئاگېنتلىقى تارقاتقان سۈرەتلەردىن كىشىلەر كلىنتوننىڭ ھېچنېمە بولمى- غاندەك كۆتۈرەڭگۈ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنى كېچە - كۈندۈز دۆلەت ئىشلىرى ئۈچۈن چېپىۋاتقاندەك كۆرسەتتى. ئاقلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئاق- سارايدا ئۇنى ئاقلىغان بىرىنچى كۈنى ئۇ بوسنىيىدىن كې- يىنكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش چوڭ سىياسەتلىرى ۋە تەسۋۇرىدىكى دۆلەت ئەھۋالى مەلۇماتىنى سىرتقا ئېلان قىلدى. ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قاتار سانلىق مە- لۇماتلارنى تىزىپ چىقىش ئارقىلىق ئۆزى تەختكە چىق- قاندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي نەتىجىلەرنى گەۋدىلەندۈردى. ئامېرىكىنىڭ مالىيە قىزىل رەقىمى 1992 - يىلدىكى 299 مىليارد دوللاردىن 1997 - يىلدىكى 22.6 مىليارد دوللارغا چۈشتى، 1998 - يىلى 70 مىليارد دوللار ئې- شىنچا كۆرۈلدى. بۇ 29 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى ئېشىنچا؛ 18 مىليون كىشىگە يېڭىدىن ئىشقا ئورۇن- لىشىش پۇرسىتى يارىتىلىپ، ئىشسىزلىق نىسبىتى 40 يىلدىن بېرى ئەڭ تۆۋەن بولدى. دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇمات ۋە ئاقساراي ئېلان قىلىنغان مالىيە خام چوتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سانلىق مەلۇماتلار كلىنتوننىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا قابىلىيىتى بار- كەن، دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلدى؛ ئىجتىمائىي جەھەتتە، كلىنتون ئامېرىكىنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلال- مايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىنتايىن سەمىمىي قىياپەتتە ئۇلاردىن ئەپۇ سوراشقا مەجبۇر بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەت ۋە ئائىمىغا بەخت يارىتىش پىلانلى- رىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بوسنىيىدىن كېيىنكى 15 يىلدا مالىيە ئېشىنچىسى ياشانغانلارنى بېقىش ۋە داۋالاشتا ئېتىبار بېرىش پىلانىغا ئىشلىتىلىدۇ ۋە مائارىپ سې- لىنمىسى كۆپەيتىلىدۇ، قاتارلىقلار. شۇڭا، كلىنتون ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نەتىجىلەر ۋە ئىجتىمائىي مە- سىلىلەرگە « كۆڭۈل بۆلۈش » ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈردى. تاشقى ئالاقە جەھەتتە، ئۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە تاشقى ئۆرۈش قوزغاش ئارقىلىق پار-

57

2001

لامېنت ۋە ئامېرىكا دىققىتىنى بۇرىدى. « قۇملۇق تۈلكىسى » ھەرىكىتى ئاۋام پالاتاسى ئېيىبنامىسىنى ئاۋازغا قويۇش ئالدىدا ئېلىپ بېرىلدى. شۇڭا، خەلقئارا جەمئىيەت ئۇنى « قۇيرۇقىنى يوشۇرالمىغان ، تۈلكە ، » دېيىشتى.

ئېيىبلەش پارلامېنتنىڭ زۇڭتۇڭنى چەكلىشىدىكى مۇھىم ۋاسىتە بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا تەكشۈرۈش، رەت قىلىش ۋە ئېلان قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلىرى بار. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ھوقۇقى زورايدى. ئەمما ھوقۇقنى ئايرىش ۋە چەكلەپ تۇرۇش ئامېرىكا سىياسىيسىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، پارلامېنت زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەشتە مۇھىم رول ئوينىماقتا.

ئالدى بىلەن، ئامېرىكا پارلامېنتى ئالاھىدە قانۇنىي ئورۇن ۋە ھوقۇقتا ئىگە بولۇپ، باشقا غەرب ئەللىرىگە قارىغاندا زۇڭتۇڭنى چەكلەپ تۇرۇشى ئەتراپلىق، كەسكىن ۋە كۈچلۈك. ئاساسىي قانۇننى تۈزگۈچىلەر « مۇستەبىتلىككە يۈزلىنىشتىن ئەنسىرەپ » ، مونتېسكيو، روك قاتارلىقلارنىڭ نەزەرىيىلىرىدىن ھوقۇقنى ئايرىش ۋە چەكلەش ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەقىل ۋە ئۆز ئارا چەكلەش مۇناسىۋىتىنى ئاساسىي قانۇنغا ئېنىق يازغان. ئاساسىي قانۇننىڭ بىرىنچى ماددىسىدا مۇنداق يېزىلغان: ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىدىن تەركىب تاپقان پارلامېنت فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق قانۇن تۈزۈش ھوقۇقى، بىر قىسىم مەمۇرىي ھوقۇقى ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىغا ئىگە، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە ھوقۇقى، ئېيىبلەش ھوقۇقى، سىرتقا ئۇرۇش ئېلان قىلىش ھوقۇقى قاتارلىقلار بار. كونكرېت ئېيتقاندا، زۇڭتۇڭنىڭ مەمۇرىي ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پىلانى پارلامېنتنىڭ تەستىقلىشى ۋە رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ؛ ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىمى پارلامېنت چىقارغان خام چوت قانۇنى ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ؛ زۇڭتۇڭ قورالىق قىسىملارغا قوماندانلىق قىلسىمۇ، سىرتقا جەڭ ئېلان قىلىش ھوقۇقى پارلامېنتنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ؛ پارلامېنت زۇڭتۇڭ، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ۋە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق مۇلكىي ئەمەلدارلىرىنى ئېيىبلەش ھوقۇقىغا ئىگە. يۇقىرىقىلار قانۇن پارلامېنتقا بەرگەن ھوقۇق بولۇپ، پارلامېنتنىڭ زۇڭتۇڭنى نازارەت قىلىش ۋە چەكلىشىنىڭ ئاساسى. باشقا غەرب ئەللىرىنىڭ پارلامېنتلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ زورلاش كۈچى ئەڭ زور.

غەربتىكى ئىچكى كابىنېت تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئەللەردە ھۆكۈمەت رەھبىرى ئادەتتە پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق پارتىيىنىڭ رەھبىرى بولۇپ، كۆپ ھاللاردا پارتىيە ئىنتىزامى ئارقىلىق ئۆز پارتىيىسىدىكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلالايدۇ. بۇ خىل تۈزۈلمىدە پارلامېنتنىڭ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى چەكلىشى كۆپىنچە ئاجىز بولىدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيىدە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە پارلامېنتتا كۆپ ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، پۈتكۈل پارلامېنت ھۆكۈمەتنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرايدۇ، شۇڭا ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش - چەكلەش رولىنى ھەقىقىي جارىي قىلدۇرالمايدۇ. بۇ توغرىدا لاخ جورجى « پارلامېنت ھۆكۈمەتنى كونترول قىلالايدۇ دېيىش پۈتۈنلەي يالغانچىلىق » دېگەن. ئەمما، ئامېرىكىدا زۇڭتۇڭ ۋە پارلامېنت باشلىقلىرى كۆپ ھاللاردا ئوخشىمىغان پارتىيىلەرگە تەۋە. شۇڭا پارلامېنت زۇڭتۇڭنى كۈچلۈك نازارەت قىلالايدۇ. رەت قىلىش ھوقۇقى زۇڭتۇڭنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان بولۇپ، بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ئەمما، باشقا غەرب ئەللىرىدىكى پارلامېنتنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقى ئىسمى بار جىسمى يوق ھالەتتە. چۈنكى پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن پارتىيىنىڭ

ئەزالىرى ئىچكى كابىنېت تەشكىللىگەن ئەھۋالدا ئۇلار-
نىڭ بىر قىسمى قارشى تەرەپكە ئۆتمىسە، پارلامېنتتا
ئىچكى كابىنېتقا قارشى كۆپ سانلىق گۇرۇھ تەشكىل-
لىگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارلامېنت
تارقىتىۋېتىلىش خەۋپىگە ئۇچرايدۇ. 1979 ـ يىلى ئەن-
گىلىيە پارلامېنتى لىبېرورستلار پارتىيىسى ھۆكۈمى-
تىگە ئىشەنمەسلىك لايىھىسى ماقۇللىغاچقا تارقىتى-
ۋېتىلگەنىدى.

ئاندىن، پارلامېنت ئىزچىل تۈردە زۇڭتۇڭنىڭ
ھوقۇق دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەشنىڭ ئال-
دىنقى سېپى بولۇپ كەلدى. ئۇ بارغانسېرى تېخىمۇ
ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ۋە ئۈنۈملۈك يۈنىلىشكە قاراپ
تەرەققىي قىلماقتا. پارلامېنت ۋە زۇڭتۇڭ ھوقۇقىنىڭ
ئۆز ئارا چەكلەپ تۇرۇشى دەۋر ۋە زۇڭتۇڭنىڭ قابىلىي-
لىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقى
مەيلى كۈچىيگەن ياكى ئاجىزلىغان چاغلاردا بولسۇن،
پارلامېنت زۇڭتۇڭنى چەكلەپ تۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ
قويمىدى. دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى مىسالغا ئالساق،
ئاساسىي قانۇننىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا، زۇڭتۇڭ چەت
ئەل ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئىمزالىغان شەرتنامىلەر كې-
ڭەش پالاتا ئەزالىرىنىڭ 3/ 2 قىسمىنىڭ كۆپرەكىنىڭ
ماقۇللىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدى-
غانلىقى بەلگىلەنگەن، ئەمما مەمۇرىي كېلىشىملەر
توغرىسىدا توختالمىغان. شۇڭا، ھەر نۆۋەتلىك زۇڭ-
تۇڭلار شەرتنامە تۈزۈشنىڭ ئورنىغا مەمۇرىي كېلىشىم
ئىمزالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پارلامېنتنىڭ دىپلو-
ماتىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىدىن ساقلانغان.
ئۇرۇشتىن كېيىن 1988 ـ يىلىغىچە مەمۇرىي كېلى-
شىملەر ئومۇمىي كېلىشىمنىڭ 95% نى ئىگىلى-
گەن. بۇنىڭغا قارىتا پارلامېنت بىر يۈرۈش قايتۇرما
زەربىلەرنى قانات يايدۇرغان: 50 ـ يىللاردا پارلامېنت
كۆپ قېتىم زۇڭتۇڭنىڭ مەمۇرىي كېلىشىم ئىمزالاش
ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش
كىرگۈزۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھوقۇق-
نىڭ پارلامېنتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئاساسىغا قۇرۇ-
لۇشىنى تەكىتلىدى؛ 70 ـ يىللاردا پارلامېنت «كېس
قانۇن لايىھىسى» ۋە قارار چىقىرىپ، زۇڭتۇڭنىڭ
كېڭەش پالاتاسى دىپلوماتىيە كومىتېتى بىلەن مەسلى-
ھەتلىشىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭدىن
تاشقىرى، پارلامېنت ئاساسىي قانۇن بەرگەن پۇل ئاج-
رىتىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، مەمۇرىي كېلىشىم-
لەرنىڭ ئىجراسىغا ماھىيەتلىك تەسىر كۆرسەتتى.

ئامېرىكىدا 30 ـ يىللاردىن بېرى، بولۇپمۇ «يېڭى
سىياسەت» نىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە «ھەممە ئىشقا ئا-
رىلىشىدىغان دۆلەت» بولۇشى بىلەن زۇڭتۇڭنىڭ
ھوقۇقى مىسلىسىز كۈچىيىپ «ئىمپېراتور زۇڭتۇڭ»
غا ئايلاندى. ئەمما 70 ـ يىللاردىن باشلاپ پارلامېنتنىڭ
ئورنى يۈكسەلدى. «يوروق بىنا سەتچىلىكى» زۇڭ-
تۇڭنىڭ ئىمپېراتورلۇق ئورنىنى تەۋرىتىپ، پارلامېنت
ھوقۇقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پۇرسەت يارىتىپ
بەردى. 80 ـ يىللاردا رېگان پارلامېنتتىن يوشۇرۇن نى-
كاراگۇئا ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈچلەرگە ياردەم بەرگەندە
پارلامېنت «ئىران ۋەقەسى» نى پەيدا قىلىپ، ھوقۇق
تارازىسى پارلامېنت تەرەپكە يۈزلەندى. بۇ قېتىمقى
كلىنتوننى ئەيىبلەش ۋەقەسى پارلامېنتنىڭ كۈچ ـ
قۇدرىتىنى كۆپچىلىككە يەنە بىر قېتىم نامايەن قىل-
دى. ئاساسىي قانۇن مۇتەخەسسىلىرىنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك «زۇڭتۇڭنىڭ ئورنى يىلدىن ـ يىلغا ئا-
جىزلىماقتا» دېگەننى ئېتىراپ قىلىشتى.

(«خەلق قۇرۇلتىيى تەتقىقاتى»
ژۇرنىلىدىن قۇربان سەمەت تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۇل كېرەم

# كەسىپ ئەخلاقى ۋە ئۇنىڭ مۇلازىمەت ئوبيېكتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش دائىرىسى توغرىسىدا

**ياقۇپ سامساق**

ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەر ئۆز كەسپىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، فۇنكسىيىسى، مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى بىلەن بىردەك بولغان ھەمدە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەر بىر ئادەم ئەمەل قىلىش شەرت بولغان ئەخلاق پرىنسىپى، ھەرىكەت قائىدىسى بولىدۇ، مانا بۇ كەسىپ ئەخلاقىدۇر. كەسىپ ئەخلاقى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەملەرنىڭ كەسپىتىكى رولى، كەسىپ ھەرىكىتى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، يۈكسەك ئىجتىمائىيلاشقان ئەخلاقتۇر. ئۇ ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىقتا تەسىر كۆرسىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان ئەخلاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كەسىپ ئەخلاقى كەسپىي خادىملار بىلەن مۇلازىمەت ئوبيېكتىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ. مەسىلەن، تىببىي داۋالاش كەسپىدە تىببىي ئەخلاق تىببىي خادىملار بىلەن كېسەللەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ؛ سودا كەسپىدە سودا ئەخلاقى تىجارەتچىلەر بىلەن خېرىدارلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ. يازغۇچىلىق كەسپىدە يازغۇچىلار ئەخلاقى يازغۇچىلار بىلەن كىتابخانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ. سەنئەت كەسپىدە سەنئەتكارلار ئەخلاقى سەنئەتكارلار بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ. ئاشپەزلىك كەسپىدە ئاشپەزلىك كەسىپ ئەخلاقى ئاشپەزلەر بىلەن تاماق يېگۈچىلەر ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدۇ ۋە باشقىلار. كەسپىي خىزمەتچىلەر بىلەن مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەمەلىيەتتە، كەسىپنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئاساس قىلىپ جەمئىيەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى توپ مەقسەت قىلىدۇ. پەقەت مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىلا، مۇلازىمەت جەريانىدا كەسىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

كەسپىي ئەخلاق ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. بۇ، رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى، ھەر قايسى تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئوخشاش كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە، رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بىلەن رەھبەرلىك قىلىنغۇچىلار ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش پرىنسىپىدا ئاڭلىق چىڭ تۇرۇشى، رەھبەرلىك قىلغۇچىلارغا ئىشتا ئادىل، توغرا بولۇش، قول ئاستىدىكىلەرنى ئاسراش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش؛ تۆۋەن دەرىجىلىكلەرگە يۇقىرىنى ھۆرمەت قىلىش، ئۆز خىزمىتىنى ئىجادىي يوسۇندا ئورۇنداش، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالدىدا مەسئۇل بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەر قايسى كەسپىي تارماقلار ئۆز ئارا ئىشىنىشى، باراۋەرلىك ئاساسىدا بىر - بىرىنى قوللىشى، ئىتتىپاقلىقتا، ياخشى خىسلەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئاسانلىقنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ، قىيىنچىلىقنى ئۆزىگە قالدۇرۇشى لازىم. كەسپىي خىزمەتداشلار باراۋەر بولۇشى، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشى، ياخشى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ، كەسپىي خىزمەتلەرنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا بىرلىك، ئىتتىپاقلىق، يۈكسىلىش بارلىققا كېلىدۇ. ئەكسىچە، بىر - بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىسا، بىر - بىرىگە ئورا كولاپ توسالغۇلۇق قىلسا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

(ئاپتور دائىمىي كومىتېت ئورگىنىمىز مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى)

## سالامەتلىككە پايدىلىق بەش خىل يېمەكلىك

**ھەسەل :** ھەر كۈنى ئەتىگەندە تاماق يېيىشتىن بۇرۇن بىر قوشۇق يېسە بەش ئەزاغا پايدىلىق بولۇپ، ئاغرىقنى پەسەيتىپ زەھەرنى قايتۇرىدۇ. دائىم ئىستېمال قىلسا قان تومۇرلارنىڭ قېتىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۇزۇن مۇددەت ئىستېمال قىلسا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ.

**خام زەنجىۋىل :** ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتا بىر نەچچە تال خام زەنجىۋىلنى قوشۇپ يېسە، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ ھەزىم قىلىشقا پايدىلىق.

**خاسىڭ :** خاسىڭدا ئادەم بەدىنىگە ئېھتىياجلىق كۆپ خىل ئامىنو كىسلاتاسى بار بولۇپ، دائىم ئىستېمال قىلسا ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**چىلان :** چىلاننىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ئۇنىڭدا قەنت، ۋىتامىن، مىنېرال ماددىلار بىر قەدەر مول بولۇپ «تەبىئىي ۋىتامىن كومۇلىچى» دېگەن نامى بار.

**سامساق :** سامساقنىڭ باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش، راك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بار، كىشىلەر دائىم ئۇنى «يەردىن چىققان پېنتسىللىن» ۋە «باكتېرىيىگە قارشى تۇرغۇچى تەبىئىي دورا» دېيىشىدۇ.

## قانداق قىلغاندا چاچ تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ ؟

چېچىڭىزنىڭ قارا، يۇمشاق ھەم پارقىراق بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى سىناپ كۆرۈڭ:

1. يېڭىنى سۈرسىڭىز چېچىڭىز تېز قۇرۇيدۇ ھەم گۈزەل، تەبىئىي بولىدۇ.

2. چاچ يۇيىدىغان سۇغا ئازراق لىمون شىرنىسىنى قويۇۋەتسىڭىز چېچىڭىز پارقىراق بولىدۇ.

3. چاچ يۇيىدىغان سۇغا ئازراق تۇز سېلىۋەتسىڭىز چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

4. چاچنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن دەملەنگەن چاي بىلەن يەنە بىر قېتىم چايقىۋەتسىڭىز قارا ھەم يۇمشاق بولىدۇ.

## قاتتىق كۆلسە بولمايدىغانلار

1. ھامىلىدارلار قاتتىق كۆلسە قورساق قاتتىق تارتىشىپ ئاسانلا بالدۇر تۇغۇپ قويۇش ياكى بويىدىن ئاجراش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ.

2. بالىلار تاماق يەۋاتقان چاغدا بالىغا چاقچاق قىلىپ قاتتىق كۈلدۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك، يېمەكلىك نەپەس يولىغا كىرىپ كەتسە خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

3. كۆكرەك، قورساق، قان تومۇر، يۈرەك ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان بىمارلار ئادەتتە قاتتىق كۆلسە بولمايدۇ.

4. يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىغا گىرىپتار بولغان بىمارلار كېسەل جىددىي قوزغالمىغان ئەھۋالدىمۇ، ھەم سالامەتلىك ئەسلىگە كەلگۈچە قاتتىق كۆلمەسلىكى كېرەك.

5. مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇش، مېڭىگە قان قۇيۇلۇش، كۆرۈش تور پەردىسى قاناش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار كۆچەپ كۆلسە بولمايدۇ.

6. قان بېسىمى يۇقىرى كىشىلەر ئۆزىنى تۇتالمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق كۆلسە، قان بېسىمى تۇساتتىن ئۆرلەپ، سەكتە بولۇش ھادىسىسى تۇغۇلىدۇ.

7. چۇقۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار دائىم قاتتىق كۆلسە، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

**تاھىر مامۇت تەرجىمىسى**

61

2001

# قانۇن، نىزاملاردا قېلىپلاشتۇرۇلغان ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرمىسى ( Ⅱ )

سۈپىتىگە قاراپ باھا بېرىش
按质论价
نۆۋەت قېتىمى
班次
نۆۋەتلىك ئاپتوموبىل يولۇچى ترانسپورتى
班车客运
ئوراش - قاچىلاش بويۇمى
包装物
كۆتۈرە ئاپتوموبىل يولۇچى ترانسپورتى
包车客运
نىكاھ چات كىرىۋېلىش، نىكاھتا سودىلىشىش
包办、买卖婚姻
براك قىلىنغان قاتناش ۋاستىسى
报废车辆
ئوت ۋەقەسىنى مەلۇم قىلىش
报告火警
ساقلاپ بېرىش ئىسپاتى
保藏证明
بېقىۋېلىنغۇچى
被收养人
كۆرسەتمە
标准
يېزىش، يېزىپ قويۇش
标明
يەرلىك تېلېفون
本地电话
دولقۇن ئۇزۇنلۇقى
波长
كۆيمەيدىغان، ئاسان كۆيمەيدىغان ماتېرىيال
不燃、难燃材料
ئورمىنى كېسىلگەن يەر
采伐迹地
باشقا نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇش
掺杂
يالغان نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇش
掺假
مەھسۇلات ئۆلچىمى
产品规格
قاتناش ۋاستىسىنى ئۆلچەش
车辆检测
قاتناش ۋاستىسى رېمونتچىلىقى
车辆维修

توشۇغۇچى
承运人
چەكتىن ئاشىدىغان يۈك
超限货物
بەلگىلەنگەن سۈرئەتتىن تېز ھەيدەش
超速行车
ئارتۇق ئادەم ئېلىش
超员
بېقىندا ھوقۇق تەلىپى
从属权利要求
تىرىكلىك ئىسپاتى
存活证明
پۇل ئامانەت خاس ئىسچوتى
存款专户
ۋەكالىتەن تۇتۇپ قېلىپ ۋەكالىتەن تاپشۇرۇش
代扣代缴
بەلباغ كەڭلىكى
带宽
تۆۋەن باھادا زىيىنىغا سېتىش
低价亏本销售
تېلېگراف تور نومۇرى
电信网码号
تېلېگراف تېرمىنال ئۈسكۈنىسى
电信终端设备
ئومۇمىيۈزلۈك تېلېگراف مۇلازىمىتى
电信普通服务
تېلېگراف تورۇبا لىنىيىسى
电信管线
تېلېگراف تورۇبا يولى
电信管道
تېلېگراف ئۈسكۈنىسى
电信设备
تېلېگراف بايلىقى
电信资源
تېلېگراف تورىنى تۇتاشتۇرۇش
电信网间互联
تېلېگراف لىنىيىسى
电信线路
ئېلېكترونلۇق يوللانما
电子邮件

مۇخپول ئابلىمىت تەييارلىغان



## ئالتاي ئورمانچىلىق مەيدانى

ئالتاي ئورمانچىلىق مەيدانى 1954 ـ يىلى قۇرۇلغان ، كۆلىمى 510 مىڭ گېكتار كېلىدۇ . مەيدان قۇرۇلغاندىن بۇيان ، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، « ئىقتىسادىي ئورماننى ئاساس قىلىش ، ئىھاتە ئورمانلاشتۇرۇش ، زور كۈچ بىلەن ئورمان بىنا قىلىش ، كېسىش بىلەن پەرۋىش قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ، مەڭگۇ قايتا پايدىلىنىش » تەك ئورمانچىلىق يېتەكچى فاڭجېنىنى قەتئىي ئىز-چىللاشتۇرۇپ ، تەۋەلىكىدىكى ئورمان بايلىقىنى باشقۇرۇش ، قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتكەچكە ، كارخانىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئېشىپ ئاشتى ، 1994 ـ يىلدىكى 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن زىيان تۈگىتىلىپ ، 1999 ـ يىلىغا كەلگەندە 300 مىڭ يۈەن ساپ پايدا كۆرۈلدى ، ئىشچى ـ

مەيدان رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر

خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش ، پاراۋانلىق تەمىناتىمۇ خېلى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلۈپ ، « ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن » دېگەن نامغا ئېرىشتى ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1997 ـ ، 1999 ـ يىلى « ئالتاي شەھەر ، ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن » دېگەن نامغا ئېرىشتى . بولۇپمۇ ئورمانلارنى يېڭىلاش ، ئورمان بايلىقىنى باشقۇرۇش ، قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىش-لەپ ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى تەرىپىدىن 7 ـ بەش يىللىق ئورمانلارنى يېڭ-لاشتا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئورۇن قاتارلىق شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى .

سۈرەت ۋە خەۋەرنى يىن يەنبو تەمىنلىگەن .



ئالتاي ئورمانچىلىق مەيدانى شەمشاددىن مول ھوسۇل ئالدى .

## قۇتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانى



مەيدان رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر

ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانى 44 يىللىق تارىخقا ئىگە دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانچىلىق كارخانىسى . ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 85 كىلومېتىر ، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 44 كىلومېتىر ، بۇنىڭ ئى-چىدە ئورمانلىق كۆلىمى 47 مىڭ 538 گېكتار كېلىدۇ .

1998 ـ يىلدىن باشلاپ « تەبىئىي ئورمان بايلىقىنى قوغداش قۇرۇلۇشى » سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ ، 2000 ـ يىلدىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلدى . ئورمان-لىقنىڭ ئېكولوگىيىسىنى قوغداش ۋە ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلۇش ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپى-گە ئايلاندى . كەسپ قۇرۇلمىسى ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە تىجارەت قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە تەڭشەشكە باشلىدى .

90 ـ يىللاردىن بۇيان مەيدان قارىمىقىدىكى ئور-مانلىقتا ئوت ئاپىتى يۈز بەرمىدى . ئورمانلىقتىكى ياۋايى ھايۋانلار ( ئاساسلىقى بۇغا ، قارا ئېيىق ، يىلپىز ، جەرەن ، ياۋا چوشقا ، بورسۇق ) ئۈنۈملۈك قوغدالدى . 7 ـ ، 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئۇدا « ئاپتونوم رايون بويىچە ئورمان بىنا قىلىش ، كۆكەرتىشتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئورۇن » ، دۆلەت ئورمانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن « مەملىكەت بويىچە ئورمانچىلىق سىستېمىسىدا ئىقتىسادىي ئورمان يېتىشتۈرۈشتىكى ئىلغار ئورۇن » ، « سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچە مەدەنىي ئورۇن » قاتارلىق شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى . 1992 ـ يىلدىن بۇيان ئورمانچىلىق مەيدانى رەھبەرلىك بەنزىسى ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى پارتكومى تەرىپىدىن « دۆلەت كارخانىلىرى ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر رەھبەرلىك بەنزىسى » دەپ باھالاندى .

ماقالە ۋە سۈرەتنى جالڭ زىيۇ تەمىنلىگەن .

# تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى

بۇ مەكتەپ 1958 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنى قۇرۇلغان . دۆلەتنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جېننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن ، ئۇ مەكتەپ نامىنى يېزىپ بەرگەن ھەمدە مەكتەپنىڭ پەخرىي مۇدىرى بولغان .

بۇ مەكتەپ 1958 ــ يىلدىن 1966 ــ يىلغىچە ئەنئەنىۋى روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتە ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش ، ئوقۇتۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا زور تۆركۈم ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە تارقىتىۋېتىلگەن . 1975 ــ يىلىغا كەلگەندە ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىپ ، 1977 ــ يىلدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىر تۇتاش قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى . 1978 ــ يىلى گوۋۇيۈەن بۇ مەكتەپنى ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىش ھوقۇقى بولغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ دەپ تەستىقلىدى .



مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر

# قۇمۇل ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى

شىچىگزى سۇ ئامبىرى قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىگە 38 كىلومېتىر كېلىدىغان تەڭرىتاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئاساسلىقى شىچىگزى دەرياسىنىڭ سۈيى باشلىنىدۇ . لايىھەلەنگەن سىغىمچانلىقى 20 مىليون 60 مىڭ كۇب مېتىر كېلىدۇ ، توسمىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى 1979 ــ يىلى 12 ــ ئايدا تاماملىنىپ ، شۇ يىلى سۇ باشلىنىپ شۇ يىلى پايدىلانغان . بۇ سۇ ئامبىرى سۇغىرىش ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ، زېمىنى چىقىرىش ، توك تارقىتىش ، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش ، سانائەتنى ۋە شەھەر ــ بازارلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارغا ئىگە.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى 21 يىللىق ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدا، نۇرغۇن ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . 1996 ــ يىلى ، ئاپتونوم رايوننىڭ سۇچىلىق سىستېمىسى بويىچە «8 ــ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ئىلغار ئورۇن » نامىغا ، شۇ يىلى يەنە قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە « ياشانغانلار خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ » دېگەن نامغا ئېرىشتى . 1996 ــ يىلدىن 1998 ــ يىلغىچە ، ۋىلايەتلىك ئورگان خىزمىتى كومىتېتى تەرىپىدىن ۋىلايەت بويىچە ئورگان خىزمىتىدىكى ئىلغار پارتىيە ياش ياچېيكىسى بولۇپ باھالاندى . 1988 ــ يىلى « شەھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن » دېگەن نامغا ، 1989 ــ يىلى « شەھەر بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن » دېگەن نامغا ،





شىچىگزى سۇ ئىشلىرى باشقارمىسى يېزا ئىگىلىك 13 ــ شى قىزىل يۇلتۇز 1 ــ تۈەنى بىرلىك بىلەن ئورتاق ئورۇن بەرپا قىلدى

1999 ــ يىلى 7 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن ئىلغار ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى دېگەن نامغا ، 2000 ــ يىلى ۋىلايەت دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى ۋە شۇ يىلى « ئاپتونوم رايون بويىچە سۇچىلىق سىستېمىسىدىكى ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتتىكى ئىلغار ئورۇن » دەپ نام بېرىلدى .

# غۇلجا شەھىرى چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى

غۇلجا شەھىرىنىڭ چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىي شەھەر ئەتراپىدا بولۇپ ، شەھەر مەركىزىدىن 3 كىلومېتىر كېلىدۇ ، شىمالدا ئازادلىق غەربىي يولىدىن باشلىنىپ ، جەنۇبتا ئىلى دەريا ساھىلىغا تۇتىشىدۇ ، شەرقتە غەربىي ئايلانما يولىدىن باشلىنىدۇ ، يەر تۈزۈلۈشى تەكشى ، ھاۋاسى ساپ ، مەنزىرىسى گۈزەل ، قاتنىشى قولايلىق ، پىلانلىغان كۆلىمى 10 كۋادرات كىلومېتىر ، كونترول



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ئوبلاست ، ۋىلايەت ، شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەمكارلىق رايونىنى كۆزدىن كەچۈردى

قىلىنغان كۆلىمى 15 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ ، ھازىر 1.5 كۋادرات كىلومېتىر كۆلەم ئېچىلىپ ، قۇرۇلۇش قىلىندى .

8 يىلدىن بۇيان ، ھەمكارلىق رايونى مەبلەغ مۇھىتى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ، « قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ، ئادىل بولۇش ، سەممىي بولۇش ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش » تەك ئەلا باشقۇرۇش مۇلازىمەت مۇھىتى بەرپا قىلىشنى نىشان قىلىپ ، « يۇقىرى ئۈنۈملۈك ، بىرلىككە كەلگەن ، تېز سۈرئەتلىك » باشقۇرۇش مۇلازىمىتى تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى .



غۇلجا شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش جياۋ باۋخۇا ھەمكارلىق رايونىنى تەكشۈردى


مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى : CN65 – 1033/D – W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 58 – 34
ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى : 01005433 باھاسى : 2.90 يۈەن